# مۇندەرىجە


❖ غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى (2)..ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 3

❖ تەپسىر ھەققىدە بايان..................مۇھەممەد يۈسۈپ 13

❖ ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار» دېگەن ئايەت توغرىسىدا.......
..........................ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى 22

❖ رامىزان ۋە سالامەتلىك................ئابدۇلئەھەد ھاپىز26

❖ بىدئەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان (2)....ئابدۇلئەھەد ھاپىز 37

❖ روزىدىكى ھېكمەتلەر ۋە قىممەتلەر.... ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 45

❖ فىتىر سەدىقىسى ھەققىدە 40 سوئالغا جاۋاب.مۇھەممەد يۈسۈپ 54

❖ كىرىزىسلار ئىچىدە قانداق ياشــايمىز........................
..............................سىراجىدىن ئەزىزى تەرجىمىسى 62

❖ ئەتىگەندە ئۇخلىسا رىزقى كېمىيىپ كېتەمدۇ...................
.............................. دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا 65

❖ ئۆزگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش يوللىرى...
..............................ئابدۇلئەھەد ئۈجات تەرجىمىسى 71

❖ ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ ھاياتى......ئابدۇلئەھەد ھاپىز 76

❖ «مەرىپەت» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولــۇڭ.....................
.............................. «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى 83



دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2016

2 ـ سان
(ئومۇمىي 15 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ



تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۆچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۈجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم



ئەسەر ئەۋەتىش
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىش
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

www.uyghurkitap.com



# خۇش - مۇبارەك رامىزان

ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنى تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ۋە تولۇق بىر تەييارلىق بىلەن كۈتۈۋېلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن شەرەپتۇر. بۇ ئاي ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئۆزىدە ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش پەيتىدۇر. چۈنكى رامىزان ئېيى «قۇرئان كەرىم» چۈشۈشكە باشلىغان، مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بارلىق ئايلاردىن ئۇلۇغ بولغان، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئوزۇق توپلاشنىڭ ئەڭ ياخشى مەۋسۇمى بولغان، روھانىيلىق بىلەن تولغان بىر مۇبارەك ئايدۇر.

ھاياتلىق سەپىرى ئاللاھ تائالاغا كېتىپ بارغان ئۇزۇن سەپەر بولۇپ، ئادەتتە بىز ھەر قانداق بىر سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئوزۇق ئېلىۋېلىشقا موھتاج بولغىنىمىزدەك، بۇ ھاياتلىق سەپىرىدىمۇ ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئوزۇق ئېلىۋېلىشقا موھتاجمىز. مەلۇمكى، ئاخىرەتلىكنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى تەقۋالىقتۇر. ئاللاھ تائالا: «(ئاخىرەتلىك ئۈچۈن) ئوزۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋالىقتۇر»[1] دەيدۇ.

خۇددى ئادەتتىكى سەپەرلىرىمىزدە، يول بويى ئالدىمىزغا چىققان ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدىن ماشىنىمىزغا ماي قاچىلاپ ماڭغىنىمىزدەك،رامىزان ئېيىغا ئوخشاش مەخسۇس ئىبادەت مەۋسۇملىرىدە ئۆزىمىزنى روھىي ئوزۇقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ مېڭىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

روزا ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدىغان، سەۋرچانلىقنى، مېھرى-شەپقەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۇنى كامالەت دەرىجىلىگە يۈكسەلدۈرىدىغان تەربىيە خاراكتېرلىق ئىبادەت بولۇپ، ئىنسان يىلدا بىر ئايلىق روزا سايىسىدا ئۆزىنىڭ ھىممىتى ۋە ئىرىشچانلىقىغا يارىشا مول ھوسۇل ئالىدۇ.

رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى مول ياغىدىغان، گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدىغان، بەندىلەر دوزاختىن ئازات قىلىنىدىغان ئۇلۇغ ئايدۇر. بۇ ئاي كېلىشتىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالادىن بۇ ئايغا ساق-سالامەت ئېرىشتۈرۈشنى تىلەپ دۇئا قىلىش، رامىزان ئېيىدىن قانداق قىلىپ ياخشى پايدىلىنىپ، ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈش، رامىزان كەلگەندە، بۇ مۇبارەك ئايغا ساق-سالامەت ئېرىشكەنلىكىگە ناھايىتى خۇشال بولۇش، رەببىگە چەكسىز شۈكۈر قىلىش، بەلكى بۇ رامىزان ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى رامىزان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن مۇمكىنقەدەر كۆپ ئىبادەتلەرنى قىلىۋېلىشقا تىرىشىش، گۇناھلىرىغا تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىپ، بۇندىن كېيىن تەقۋادار بولۇپ، پەزىلەتلىك ھايات كەچۈرۈشكە ئاللاھ تائالاغا ۋەدە بېرىش لازىم.

رامىزاندا مىڭ ئايدىن ئەۋزەل بولغان قەدىر كېچىسى بار. ئۇنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى مىڭ ئاي يەنى 83 يىل توختىماي ئىبادەت قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەدىر كېچىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن ھەر يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈننى ئېتىكاپ بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: يا رەسۇلەللاھ! ئەگەر قەدىر كېچىسىنى تاپسام نېمە دەپ دۇئا قىلىمەن؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھىم، سەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مەغپىرەت قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغىن، دېگەن. قەدىر كېچىسىنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ۋە كۆپ دۇئا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىڭلارنىڭ روزىسىنى قوبۇل قىلغاي، ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى قوبۇل قىلغاي! ئامىن.

(مۇھەممەد يۈسۈپ تەييارلىغان)

---

[1] سۈرە بەقەرە 197- ئايەت.




ئىلگىرىكى ساندا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھازىر ئىنتايىن قىيىن بىر شارائىتنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى؛ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف نۇرى ئاستىدا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئەتراپلىق چۈشىنىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلىكى؛ ھازىرقى زاماندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئانچە ئاسان ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەسلىكى؛ ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ۋە مۇجتەھىد ئالىملىرىنىڭ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ۋاقتىنىڭ ناھايىتى ئاز قالغانلىقىنى تەكىتلەۋاتقانلىقى؛ شۇڭا ئۈمىدۋار بولغان ھالدا، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ شەكىل ۋە تۈرلىرى، شەرت ۋە سەۋەبلىرى، باسقۇچ ۋە نىشانلىرى قاتارلىقلارنى ياخشى چۈشىنىپ، بۇ يولدا تىرىشىشنىڭ مۇھىملىقى؛ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ دىنىي يەتكۈزۈش، دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىش ۋە دۆلەت قۇرۇش قاتارلىق بىرقانچە مۇھىم تۈرلىرىنىڭ بارلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە توختالغانىدۇق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەۋەتچىلەرنى دىنىي يەتكۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلغانلىقىغا ئەنتاكىيە شەھەر ئاھالىسى ۋەقەلىكىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەنىدۇق. ئاللاھ خالىسا نۆۋەتتىكى ساندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مىساللىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئىككىنچى: ئەسھابۇل ئۇخدۇد (ئورەك ئىگىلىرى) ۋەقەلىكى

دىنىي يەتكۈزۈشنىڭ ئىككىنچى مىسالى ئورەك ئىگىلىرى ۋەقەلىكى بولۇپ، بۇ ۋەقە ئاللاھ تائالانىڭ دەۋەتچىلەرنى دىنىي يەتكۈزۈشكە ۋە ئامانەتنى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغانلىقى ھەققىدىكى قىسسەلەرنىڭ ئەڭ روشەنلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرىكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ خاس بىر سېھىرگىرى بار ئىدى. بۇ سېھىرگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com

قىرىغان ۋاقتىدا، پادىشاھقا: مەن ياشنىپ قالدىم، ئەجىلىم يېقىنلىشىپ قالدى، يېنىمغا بىر ئەر يىگىتنى ئەۋەتكەن بولسىڭىز، ئۇنىڭغا سېھرىگەرلىكنى ئۆگىتىپ قويغان بولسام دەيدۇ. پادىشاھ بىر يىگىتنى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ سېھرىگەر يىگىتكە سېھرى ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. سېھرىگەر بىلەن پادىشاھنىڭ يېنىغا بارىدىغان يول ئوتتۇرىسىدا بىر دەرۋىش بار بولۇپ، بىر كۈنى يىگىت دەرۋىشنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. يىگىت سېھرىگەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، سېھرىگەر ئۇنى نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ كېلىسەن؟ دەپ ئۇرىدۇ. يىگىت بۇ ئەھۋالنى دەرۋىشكە شىكايەت قىلغاندا، دەرۋىش: سېنى سېھرىگەر ئۇرماقچى بولسا، مېنى ئۆيدىكىلىرىم كېچىكتۈرۈپ قويدى دېگىن، ئۆيدىكىلىرىڭ ئۇرماقچى بولسا، مېنى سېھرىگەر كېچىكتۈرۈپ قويدى دېگىن، دەيدۇ. بىر كۈنى يىگىت يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ۋە قورقۇنۇچلۇق بىر ھايۋان تۇرۇۋالغانلىقتىن خەلقنىڭ يولدىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاللاھقا دەرۋىشنىڭ ئىشى سۆيۈملۈكمۇ ياكى سېھرىگەرنىڭ ئىشى سۆيۈملۈكمۇ؟ بۈگۈن بىلىدىغان بولدۇم، دەپ قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ: ئى ئاللاھ، سېھرىگەرنىڭ ئىشىدىن دەرۋىشنىڭ ئىشى توغرا ۋە سۆيۈملۈك بولسا، بۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ بەرگىن، خەلق ئۆتۈۋالسۇن دەپ تاش ئاتقاندا، ھېلقى ھايۋان ئۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق يولغا راۋان بولىدۇ. يىگىت بۇ ئەھۋالنى دەرۋىشكە خەۋەر قىلغاندا، دەرۋىش: ئوغلۇم، سەن مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن، سەن چوقۇم سىنىلىسەن، ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن ۋاقتىڭدا، مېنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويمىغىن، دەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن يىگىت تۇغما كور، ئاق كېسەل ۋە باشقا تۈرلۈك كېسەللەرنى ساقايتالايدىغان بولىدۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بىر سورۇندىشى يىگىتنىڭ نام-شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىپ: كۆزۈمنى ساقايتىپ قويغان بولسىڭىز، دەيدۇ. يىگىت: مەن ھېچكىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ ساقايتىدۇ، ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتسىڭىز، مەن دۇئا قىلىمەن، ئاللاھ كۆزىڭىزگە شىپالىق بېرىدۇ دېگەندە، ئۇ ئادەم ئىمان ئېيتىدۇ، يىگىت دۇئا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى ساقىيىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئاۋۋالقىدەك پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، پادىشاھ: كۆزۈڭنى كىم ساقايتتى، دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: رەببىم! دەپ جاۋاپ بەرگەندە، پادىشاھ: مەنمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: ياق! مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىمىز بولغان ئاللاھ ساقايتتى دەيدۇ. پادىشاھ: سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ دېگەندە، ئۇ ئادەم: ھەئە، مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىمىز ئاللاھتۇر دەيدۇ. پادىشاھ ئۇنى قىيناشقا باشلايدۇ، ئاخىرى ئۇ ئادەم يىگىتنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. پادىشاھ يىگىتنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىدۇ. پادىشاھ يىگىتكە: ئوغلۇم، سېھرىڭ بىلەن تۇغما كور ۋە ئاق كېسەل قاتارلىقلارنى ساقايتالايدىغان بولۇپ كېتىپسەن دېگەندە، يىگىت: مەن ھېچكىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ ساقايتىدۇ دەيدۇ. پادىشاھ: مەنمۇ؟

دېگەندە، يىگىت: ياق! دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. پادىشاھ: سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ دەپ سورىغاندا، يىگىت: مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىمىز ئاللاھدۇر، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. پادىشاھ ئۇنى قىيناشقا باشلايدۇ، ئاخىرى يىگىت دەرۋىشنى ئاشكارىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەرۋىش كەلتۈرۈلىدۇ. پادىشاھ دەرۋىشكە: دىنىڭدىن يانغىن! دەيدۇ. دەرۋىش رەت قىلغاندىن كېيىن، ھەرە كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ بېشىدىن باشلاپ تىلىنىدۇ، ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىدۇ. ئاندىن پادىشاھ يىگىتكە يۈزلىنىپ: دىنىڭدىن يانغىن، دەيدۇ. يىگىت رەت قىلىدۇ. پادىشاھ: ئۇنى پالان تاغقا ئېلىپ بېرىڭلار، تاغنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەندە، ئۇنىڭدىن سوراڭلار، ئۇ دىنىدىن يانسا ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، ئەگەر يانمىسا تاغ چوققىسىدىن يۇملىتىۋېتىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار يىگىتنى تاغقا ئېلىپ بېرىپ، تاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، يىگىت: ئى ئاللاھ، مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزغىن، دەيدۇ. تاغ قاتتىق تەۋرەپ، ئۇلاردىن بىرمۇ كىشى قالماي تاغ ئۈستىدىن يۇمۇلاپ چۈشۈپ ھالاك بولغاندىن كېيىن، يىگىت پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. پادىشاھ: سېنى ئېلىپ ماڭغانلار قېنى؟ دېگەندە، يىگىت: ئاللاھ مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزدى، دەيدۇ. پادىشاھ: ئۇنى تۇتۇپ دېڭىزغا ئېلىپ بېرىڭلار، دېڭىزنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، ئۇنىڭدىن سوراڭلار، دىنىدىن يانسا قويۇپ بېرىڭلار، قايتمىسا دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىڭلا دەيدۇ. ئۇلار يىگىتنى دېڭىزغا ئېلىپ بارغاندا، يىگىت: ئى ئاللاھ، مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزغىن، دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرمۇ كىشى قالماي دېڭىزدا غەرق بولۇپ ھالاك بولغاندىن كېيىن، يىگىت يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. پادىشاھ: سېنى ئېلىپ ماڭغانلار قېنى؟ دېگەندە، يىگىت: ئاللاھ مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزدى، سەن مەن تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلمىغۇچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن، قاچان مەن تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلساڭ ئاندىن مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن، دەيدۇ. پادىشاھ: نېمە ئىش ئۇ؟ دېگەندە، يىگىت: خەلقنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاندىن مېنى دەرەخكە ئېسىپ، ئوقدىنىمدىكى ئوقنى ئېلىپ: يىگىتنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن دەپ ئاتقىن، شۇنداق قىلساڭ مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن، دەيدۇ. پادىشاھ يىگىتنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ، ئوق يىگىتنىڭ چېكىسىگە تەگكەندىن كېيىن، يىگىت ئۆلىدۇ. بۇنى كۆرگەن خەلق: يىگىتنىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق، دەيدۇ. پادىشاھقا: سىز ئەنسىرىگەن ئىش ھامان بولدى، پۈتۈن خەلق ئىمان ئېيتتى دېيىلگەندە، پادىشاھ لەشكەرلىرىنى چوڭ يوللارنىڭ ئېغىزلىرىغا ئورەك كولاپ، ئوت يېقىشقا، دىنىدىن يانغانلارنى قويۇپ بېرىشكە، يانمىغانلارنى ئوتقا تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ. خەلق بەس-بەستە يۈگۈرۈشۈپ، ئوتقا سەكرەشكە باشلايدۇ. ئاردىن بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان بىر ئايال بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇشىغا، قۇچىقىدىكى بوۋىقى زۇۋانغا كېلىپ: ئانا، سەۋرلىك بولغىن. شەكسىزكى سەن ھەق ئۈستىدە، دەيدۇ».①

① ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، 3005 ـ ھەدىس

بۇ ۋەقە ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى يىگىتنىڭ ئەقىدە ۋە پىلانلىرىدا غەلىبە قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئەقىدىسىنى ساقلاپ قالغان دەرۋىشمۇ غەلىبە قىلدى. كور ئادەم بولسا بىر قېتىم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى مەنسەپ ۋە ئابرۇيىدىن ۋاز كەچكەندە، يەنە بىر قېتىم ئەقىدىسىنىڭ بەدىلىگە ھاياتىنى قۇربان قىلغاندا ئىككى قېتىم غەلىبە قىلدى.

يىگىت ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، رەببىنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئىمان ـ ئەقىدىسىنى ساقلاشنىڭ ۋە خەلقنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، كۇفرىدىن ئىمانغا چىقىرىشنىڭ ئەڭ قىسقا ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىنى تونۇپ يېتىش، مۇناسىپ ۋاقىتتا كەسكىن قارارغا مۇۋەپپەق بولۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، دىلىنىڭ كورلىقىدىن ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى ۋەيران قىلغان زالىم پادىشاھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

يىگىت خەلققە ھەقىقەتنى تونۇتتى، خەلقمۇ ئىمان ـ ئەقىدىسى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىپ، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇردى ۋە ئىنسانىيەتكە غەلىبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

يىگىت كاپىر پادىشاھنى ھالاك قىلىش پىلانىنى تۈزگەندە ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇش يولىنى سىزغاندا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭدەك، يىگىتنىڭ كېيىنكىلەرگە ئۈلگە قىلىنىشى ۋە مۇئمىنلەر ئارىسىدا ياخشى نامىنىڭ قېلىشى ئۇنىڭ يەنە بىر غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ. يىگىت ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، خەلقنىڭ ئۇنىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتىشى بىلەن ئۇنىڭ غەلىبىسى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولدى.

كۇفرى بىلەن ئىمان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە تەۋھىد قوشۇنى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. پەقەت بىر ئادەم ھەق يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە پۈتۈن خەلق ئاللاھقا ئىمان ئېيتتى.

پۈتۈن خەلق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە زالىم كاپىرنى ئىنكار قىلغان ۋاقىتتا، بۇ زالىم پادىشاھنىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بارلىق قورقۇتۇش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالدى، ئورەكلەر كولىنىپ، ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇئمىنلەرنى بۇ ئورەكلەرگە تاشلاشقا غالچا ـ يالاقچىلىرىنى بۇيرىدى. لېكىن مۇئمىنلەر قاچماستىن، بەلكى ئوتقا كىرىشتە بەسلىشىپ، زالىم كاپىرنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئىمان ئۇلارغا باتۇرلۇقنى، ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشنى ئۆگەتكەنىدى. ئۇلار يىگىتنىڭ كەينىدىن تېزرەك يېتىشكە تىرىشاتتى، دىن ۋە ئەقىدە يولىدا جانلىرىنى تەقدىم قىلىپ، لەززەت ئالاتتى. دىلىدا مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان ئىمان مۇئمىنلارنى ئاجايىپ كارامەتلىك ئىشلارنى قىلدۇردى.

بۇ ۋەقە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى قوغداش يولىدا بىر قانچە مىنۇت كۆيدۈرۈلۈپ

ئاندىن مەڭگۈلۈك جەننەتكە يۆتكەلگەن كىشى غەلىبە قىلغان بولامدۇ ياكى دۇنيا هاياتىدىن بىر قانچە كۈن بەھرىلىنىپ ئاندىن جەھەننەم ئازابىغا دۇچار بولغان كىشىمۇ؟ دېگەن سوئالغا ئوچۇق جاۋاپ بېرىپ، غەلىبىنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەردى.

دۇنيا ئوتى بىلەن ئاخىرەت ئوتىنىڭ ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ! بۇ ئىككى ئوت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. دۇنيا ئوتىدا كۆيدۈرۈلگەن مۇئمىنلەر ئاخىرەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە چوڭ غەلىبىدۇر. «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر»[1].

سەيىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە، ۋەھشىيلىك ئىمان ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندەك ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكەن ئىماننىڭ ھېچقانداق ۋەزنى - ئېتىبارى بولمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن «قۇرئان كەرىم» مۇئمىنلەرگە، ھاياتلىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان لەززەت ۋە ئەلەملەرنىڭ، بەھرىلىنىش ۋە مەھرۇملۇقلارنىڭ تارازىدا چوڭ قىممىتى بار نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى ۋە شۇنىڭدەك، غەلىبىنىڭ پەقەت زاھىري غەلىبىگىلا خاس ئەمەسلىكىنى ئۆگەتتى.

ئۆلمەيدىغان ئىنسان يوق، لېكىن ئۆلۈش سەۋەبلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەممە ئادەم بۇنداق غەلىبىگە ۋە بۇنداق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ تاللىشى ۋە قىسمەن بەندىلىرىگە بولغان ئىلتىپاتىدۇر. ھەممە ئادەم ئۆلۈمدە ئورتاق، لېكىن شان - شەرەپتە پەرقلىق بولىدۇ. مۇئمىنلەر ئىمانىدا مەغلۇپ بولۇش بەدىلىگە ھاياتنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئۇنداق قىلسا چوڭ زىيان تارتاتتى، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەت زىيان تارتاتتى، ھاياتلىقنىڭ مەنىسىنى يوقىتىپ قوياتتى...

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلاتتى، ئۇلار مۇئمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى.»[2]

دەۋەتچىلەر بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشى لازىم. مۇئمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەقىدە كۈرىشى بولۇپ، دۈشمەنلەر مۇئمىنلەرنى پەقەت ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا يامان كۆرىدۇ ۋە ئەقىدىسى ئۈچۈنلا دۈشمەنلىشىدۇ»[3]

## ئۈچىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە دىننى يەتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقى

دىننى يەتكۈزۈشنىڭ ئۈچىنچى مىسالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە دىننى

[1] سۈرە بۇرۇج 11 - ئايەت.

[2] سۈرە بۇرۇج 4 - ئايەتتىن 8 - ئايەتكىچە.

[3] سەيىد قۇتۇپ، مائالىم فىتتەرىق 173 - بەت.

تۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يەتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقى بولۇپ، بۇ غەلىبىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە دەۋەتنىڭ مەخپىي باسقۇچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ: «يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»[1] دېگەن سۆزى نازىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سافا تېغىغا چىقىپ، قۇرەيشلەرنى چاقىرىپ: «ئەگەر مەن سىلەرگە مۇشۇ تاغ باغرىدىن ئاتلىق قوشۇن چىقىپ، سىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ دېسەم سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: سېنىڭ يالغان سۆزلىگىنىڭنى بىلمەيمىز دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا، سىلەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىمان ئېيتمىغان تەقدىردە، سىلەرگە قاتتىق ئازاب چۈشىدىغانلىقىدىن مەن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىمەن، دەيدۇ. تاغىسى ئەبۇ لەھەب: قۇرۇپ كەت، بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟ دەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئاندىن بۇ سۈرە نازىل بولىدۇ: «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال-مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۆخەنچى) خوتۇنمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا دەۋەتنى يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن باشلىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا مەككە قەبىلىۋازلىق روھى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر شەھەر بولۇپ، دەۋەتنى يېقىن خىش - ئەقرىبالاردىن باشلاشنىڭ ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشكە ياردىمى بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئەينى زاماندا مەككە شەھرى دىنىي مەركەز بولغانلىقتىن دەۋەتنى بۇ شەھەردىن باشلاشنىڭ ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە ئالاھىدە تەسىرى بولاتتى. دەۋەتنى قۇرەيشلەردىن باشلاش ئۇنى خەلقئارالاشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىدى.[3]

تۇنجى قېتىملىق ئاشكارا دەۋەت يۈز ئۆرۈش، مەسخىرە قىلىش، ئەزىيەت قىلىش، ئىنكار قىلىش، توسۇش ۋە سۈيىقەست پىلانلاش قاتارلىقلار بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ، مەككە خەلقى بۇ كۈرەشنىڭ خەۋىرىنى تارقىتىشقا باشلايدۇ، بۇ بىر تەرەپتىن دەۋەت ئۈچۈن چوڭ پايدا ئېلىپ كېلەتتى. چۈنكى ئەتراپتىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا بۇ دەۋەتنىڭ خەۋىرى تېز تارقىلىپ، بەزىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت ساھەسىنى كېڭەيتىشكە تىرىشىپ تائىفقا چىقىپ، قەبىلە باشلىقلىرىغا ئىسلام دىنىنى

[1] سۈرە شۇئەرا 214 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مەسەد.

[3] دراسة في السيرة النبوية، د. عماد الدين خليل ص 124، 125.

تونۇشتۇردى، لېكىن ئۇلار بۇنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يامان مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىنى يەتكۈزۈش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئۈممەتكە يول كۆرسىتىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تائىفتىن يەنە مەككە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى، لېكىن مەككىگە پىلانسىز كىرىشنى خالىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ئەقىل-پاراستى بىلەن ئىش كۆرۈپ، بەنى نەۋفەل قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مۇتئىم ئىبنى ئەدى دېگەن كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ھىمايىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، مۇتئىم ئىبنى ئەدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە نۇرغۇن ياشلارنى قوراللاندۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسە قاتارلىق پۇختا قوراللانغان بىر توپ ياشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇدۇل ھەرەم بەيتۇللاھقا كىرىپ ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتتى.

قۇرەيش جەمئىيىتىدە بەنى نەۋفەل قەبىلىسىنىڭ كۈچلۈك نوپۇزى بارلىقىنى بىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ زاماندىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە قانۇن-نىزاملاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنى دەۋەت خىزمىتىنىڭ جانلىنىشىغا خىزمەت قىلدۇردى.①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار دىنىدىن خاتىرجەم بولالىغۇدەك ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قۇتۇلغۇدەك بىر ماكان ۋە دەۋەتنى خەلقئارالاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا مۇناسىپ بىر مۇھىت ئىزدەش ئۈچۈن دەۋەتنى مەككىنىڭ سىرتىغا كېڭەيتىش توغرىسىدا كۆپ ئىزدىنىدۇ.②

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، بەزى ساھابىلىرىنىڭ ھەبەشىستانغا (يەنى ئېفىئوپىيىگە) ھىجرەت قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئېفىئوپىيىگە بولغان تۇنجى قېتىملىق ھىجرىتى پەيغەمبەرلىكنىڭ بەشىنچى يىلى رەجەپ ئېيىدا بولغان بولۇپ، ئون بىر نەپەر ئەر، تۆت نەپەر ئايال جىددە دېڭىز بويىغا پىيادە مېڭىپ بارغاندىن كېيىن، بىر كېمىنى ئىجارە ئېلىپ ئېفىئوپىيىگە سالامەت يېتىپ باردى.

ئېفىئوپىيىگە تۇنجى ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا بولغان ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: مۇسۇلمانلارغا مەككە تار كەلگەندە، تاغىسى ۋە قەۋمى-جامائىتى ھىمايىسىدە ئۆزىگە ئەزىيەت يەتمىسىمۇ لېكىن ساھابىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېفىئوپىيىدە بىر پادىشاھ بار، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، ئاللاھ سىلەرگە چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر سىلەر شۇ يەرگە

① أصول الفكر السياسي في القرآن الكريم، د. التجـاني، ص (172-180).

② دراسة في السيرة النبوية، د. عماد الدين خليل ص124، 125.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىپ تۇرۇڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇ يەرگە بېرىپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشتۇق.①

مۇسۇلمانلارنىڭ ئېفىئوپىيىگە بولغان ھىجرىتى سىياسىي، تەشۋىقات ۋە دەۋەت خاراكتېرىنى ئالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېفىئوپىيىنى تاللىشى يۈزەكى تاللاش بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋردىكى خەلقئارا ۋەزىيەتلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغاندىن كېيىنكى تاللاش ئىدى.

بۇ ھىجرەت ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ۋاستىلىرىدىن مۇھىم بىر ۋاستە بولغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىنى تاشلاپ چىقىشى جەمئىيەتتە چوڭ بىر ئىش يۈزبەردىمۇ نېمە؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن يۇرت-ماكانلىرىنى، مال-مۈلۈكلىرىنى ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنى تاشلاپ چىقىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى پەيدا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈممەكتىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئېفىئوپىيە پادىشاھى نەجاشىغا مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئىشارەت قىلىپ ۋە ئۇنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى.

بۇ تۈنجى قېتىملىق تەشۋىقات ئۈممىكى ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن پۇختا پىلان ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىر بىلەن تەييارلانغان ئۈممەك ئىدى.②

زامان ۋە ماكانىنىڭ مۇناسىپ تاللىنىشى تاسادىپىيلىق بىلەن، ياكى ئەزىيەتلەردىن قېچىش ئۈچۈنلا بولمىغانىدى. چۈنكى بەزى مۇھاجىرلارنىڭ قاتتىق ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىماستىن قەبىلىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەككىدە قېلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى.③

بۇ تۈنجى تەشۋىقات ئۈممىكى كۈنىمىزدىكى ئەلچى ئۈممەكلىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى، لېكىن بۇ ئۈممەك «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شوئارنى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنى تارقىتىشقا تىرىشقان ئۈممەك ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېفىئوپىيە ھىجرىتىنىڭ بىرىنچى نىشانى بوزەك قىلىنغانلارنى قۇرەيشلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن دەۋەت ئۈچۈن يېڭى ئۇپۇق ئېچىش، قۇرەيشلەرنىڭ دەۋەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئەيىبلەش قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

«قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت قىلىشنى توختىتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھاجىرلار ئېفىئوپىيىدىن مەككىگە قايتىپ بۇ خەۋەرنىڭ يالغانلىقىنى، ئەكسىچە ئىشنىڭ تېخىمۇ يامانلىقىنى بىلگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە رۇخسەت بەرگەن بولۇپ، ئەر ۋە ئاياللاردىن تەشكىل تاپقان يۈزلەرچە كىشى يەنە ئېفىئوپىيىگە ھىجرەت قىلدۇ.

مۇھاجىرلارنىڭ ئېفىئوپىيىدە بىخەتەر ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان مەككە مۇشرىكلىرى نەجاشىنىڭ يېنىغا ئەمرى ئىبنى ئاس بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ

① ابن هشام (334/1).

② الوفود الإعلامية في العصر المكي لعلى الأسطل، (114).

③ الوفود الإعلامية في العصر المكي لعلى الأسطل، (114).

رەبئەنى نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن ئەۋەتىپ مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

مۇھاجىرلارنىڭ كۆپ قىسمى مەدىنىدە ئىسلام يىلتىز تارتقانغا قەدەر ئېفىئوپىيىدە قالغان بولۇپ، كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېفىئوپىيىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ. جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ھىجرىيەنىڭ 7-يىلى خەيبەر فەتھى بولغانغا قەدەر ئېفىئوپىيىدە قالىدۇ.①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان تىجارەت مەۋسۇمى، ھەج مەۋسۇمى قاتارلىق مەۋسۇملارنى غەنىمەت بىلىپ، بۇ مەۋسۇملاردا باشقىلار بىلەن تونۇشۇشقا ۋە مەككە ئەتراپىدىكى شەھەرلەرگە دەۋەتنى كېڭەيتىشكە تىرىشاتتى.

ئىسلام دەۋىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن مەدىنە شەھىرىدە باشقا شەھەرلەردە تېپىلمايدىغان تۆۋەندىكىدەك بەزى شارائىتلار بار ئىدى:

1-مەدىنىدىكى ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا بۇئاس كۈنى② دىكى ئۇرۇشقا ئوخشاش چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ داۋام قىلغانلىقى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلاردا ئۇلارنىڭ جاھىل پېشقەدەم كاتتىباشلىرى تۈگەپ، پەقەت ئاكتىپ ياشلاردىن تەركىپ تاپقان ھەيئەتلا قالغانىدى. ئۇ كۈنلەردە مەدىنە ئەھلى بىر يېتەكچىگە قاتتىق مۇھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بەزىلەر بۇئاس كۈنىنى كېيىنكى كۈنلەردە مەدىنە ئەھلىنىڭ تۇسالغۇسىز ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەقدىم قىلغان سوۋغىتىدۇر، دەپ قارىغان.③

2-مەدىنىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز-تولا خەۋەردار يەھۇدىيلارنىڭ يەرلەشكەنلىكى بولۇپ، ئۇلار مەدىنە ئەھلىگە ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ۋە ۋەھيى توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە سۆزلەپ بېرىپ تۇراتتى.

ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن مەدىنە ئەھلىدىن ئالتە نەپەر كىشى مىنادىكى «ئەقەبە» دېگەن جايدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلار گېپىنى قىلىپ بەرگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ مۇسۇلمان بولىدۇ ۋە مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك خەۋىرىنى تارقىتىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋەقە ئەنسارلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.④

---

① السيرة النبوية الصحيحة، د. أكرم ضياء العمري (176/1).

② بۇئاس كۈنى ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ۋە چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولغان كۈن بولۇپ، بۇ كۈن ئۇرۇش بولغان جاينىڭ نامى بىلەن بۇئاس كۈنى دەپ ئاتالغان.

③ البخاري، كتاب المناقب، باب مناقب الأنصار (267/4) رقم 7777.

④ ابن هشام (430/1).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىنكى يىلى ھەج مەۋسۇمىدە يەنە ئون ئىككى نەپەر مۇسۇلمان بىلەن «ئەقەبە» دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، باشقىلارغا بوھتان چاپلىماسلىق ۋە ئاسىيلىق قىلماسلىق قاتارلىق شەرتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدۇ. بۇ بەيئەت ئەقەبە بىرىنچى بەيئىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇلارغا دىنىنى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ مەدىنىدە «مۇئەللىم» دېگەن نام بىلەن تونۇلىدۇ ۋە نامازلاردا ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ.①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قانچە ساھەدىكى قابىلىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى بۇ ئىشقا تاللىغانىدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان كەرىمنى يادلىغان «قارى» بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىمانى كۈچلۈك، دىنىنى يەتكۈزۈشكە ھېرىس، تىرىشچان، گۈزەل ئەخلاققا ئىگە، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان تالانتلىق ساھابە ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا مەدىنە شەھىرىدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا ۋە سەئد ئىبنى مۇئاز، ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير قاتارلىقلارغا ئوخشىغان قابىلىيەتلىك شەخسلەرنى ئىسلام دىنىغا جەلپ قىلىشقا قادىر بولالىغانىدى. بۇ ئىككى شەخسنىڭ مۇسۇلمان بولىشى بىلەن مەدىنىدە كۆپلىگەن كىشىلەر مۇسۇلمان بولغانىدى.②

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەشۋىقات، دەۋەت، تەلىم-تەربىيە قاتارلىق ساھەلەردە ئالغان رولىنىڭ كېيىنكى باسقۇچقا شارائىت ھازىرلاشتا ئىنتايىن چوڭ تەسىرى بولغانىدى. مەدىنە شەھىرى ئاساسەن دەۋەت ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن پەتھى بولغانىدى. ئىككىنچى قېتىملىق بەيئەتكە ئەنسارلاردىن بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، دەۋەت يېڭى بىر باسقۇچقا يۆتكىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت خىزمىتى ئۈچۈن قۇربان بېرەلەيدىغان شەخسنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش، ئامانەتنى ئادا قىلىش يولىدا چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەدىنە شەھىرىنىڭ پەتھى بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەنتاكيە ئاھالىسى ۋەقەلىكى، ئورەك ئىگىلىرى ۋەقەلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە دىنىنى يەتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقى قاتارلىق مىساللار ئاللاھ تائالانىڭ دەۋەتچىلەرنى دىنىنى يەتكۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلغانلىقىنىڭ مىساللىرى بولۇپ، بۇ ۋەقەلىكلەر غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

① سيرة ابن هشام (431/1).

② سيرة ابن هشام (431/1).




تەپسىر ـ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئەھكاملىرىنى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئىلىم دېمەكتۇر①. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۇنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىن تاللاپ چىقارغاندەك، كىتاب چۈشۈرگەن پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇ كىتابلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا چۈشۈرگەن. «قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتەيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق»②. ساماۋى دىنىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا بارلىق ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلگەن. «شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ چۈشۈردۇق»③. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا چۈشۈرۈلگەن بۇ كىتابنى ياخشى چۈشىنەتتى، مەنىسى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما بۇ كىتاب گەرچە ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلگەن كىتاب بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى، پاساھىتى ۋە مۆجىزىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئەمەس ئىدى، ھەتتا ساھابىلەرمۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل ئەمەس ئىدى، ئۇلار چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىر ـ بىرىدىن سوراپ ئۆگىنەتتى، بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئۆگىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

① ئەللامە زەركەشىنىڭ «البرهان في علوم القرآن» ناملىق ئەسىرى 1- توم، 13- بەت.

② سۈرە ئىبراھىم 4- ئايەت.

③ سۈرە يۈسۈف 2- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ساھابىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلغانلىقى ئىدى. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى مۇپەسسىر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زامانىمىزغا قەدەر «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش ئىشى داۋام قىلىپ كەلمەكتە. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن.

## بىرىنچى باسقۇچ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلىشى

ھەقىقەتنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ جانلىق تەپسىرى ئىدى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن تەپسىر قىلىپ بېرەتتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندەك، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، قۇرئاننى بىز چۈشۈردۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز»[①]، «(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى چۈشۈۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر»[②]. ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم»نى كىشىلەرگە تەپسىر قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق»[③]. شۇڭا ساھابىلەر چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. «قۇرئان كەرىم» ساپ ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلگەن كىتاب بولغانلىقتىن، ساھابىلەر ئايەتلەرنى ئومۇمەن تولۇق چۈشىنىپ كېتەلىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايدىغانلىرى پەقەت چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەر ئۈستىدىلا بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ھەممە ئايەتنىڭ تەپسىرىنى سوراپ ئولتۇرمايتتى. مەسىلەن: «الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُولَئِكَ لَهُمُ الْأَمْنُ وَهُمْ مُهْتَدُونَ» يەنى «ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمىغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئازابتىن ئەمىن بولىدۇ، ئۇلار ھىدايەت تاپقانلاردۇر»[④] دېگەن ئايەت چۈشكەن چاغدا، بۇ ئايەت ساھابىلەرگە قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ: «يارەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلمايدىغان كىم بار؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ ئايەتنى يەنە بىر ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى زۇلۇم سىلەر چۈشەنگەن زۇلۇم ئەمەس، سىلەر ياخشى بەندە (لۇقمان ھەكىم)نىڭ ‹ئى ئوغلۇم! سەن ھەرگىز

---

① سۈرە ھىجر 9- ئايەت.

② سۈرە قىيامەت 16-17- ئايەت.

③ سۈرە نەھل 44- ئايەت.

④ سۈرە ئەنئام:82- ئايەت.

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، چۈنكى شېرىك ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر› [1] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟» . دېمەك، ئالدىنقى ئايەتتىكى «زۇلۇم» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن مەنىدە كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ساھابىلىرى سورىمىسىمۇ بەزى ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىپ بېرەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلغانمۇ؟

ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچىلىك ئايەتكە تەپسىر قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تولۇق تەپسىر قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، يەنە بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئايەتنىڭ تەپسىرىنى قىلمىغانلىقىنى، پەقەت ساھابىلەر چۈشىنەلمەي سورىغان ئايەتلەرنىڭلا تەپسىرىنى قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمما كۆپ سانلىق ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلمىغانلىقىنى، پەقەت تەپسىر قىلىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلغان ئايەتلەرنى ۋە ساھابىلەر سورىغان ئايەتلەرنىلا تەپسىر قىلىپ بەرگەن دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەھكام ئايەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئايەتلەرنى كۆپ شەرھلەپ كەتمىگەن. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ تەپسىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىزدىنىشىگە تاپشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»دىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلار مەلۇم بىر زامان ۋە مەخسۇس بىر ماكانلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا چۈشۈرۈلگەن بولسا، «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە زاماننىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ھەر بىر دەۋرنىڭ سەۋىيەسىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلىشى تەقەززا قىلىنىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلىپ ئۇنىڭدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇقلىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى قوبۇل قىلالمىغانلىقتىن، دىنىنىڭ ئاساسىي جەۋھەرىي مەسىلىلىرىگە دەخلى يەتكەن بولاتتى. ئەگەر «قۇرئان كەرىم»نى كىشىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەقلى ۋە ئىلمىي سەۋىيىسىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تەپسىر قىلغان بولسا، كېيىنكىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش يولى تامامەن ئېتىلگەن بولۇپ، ئىلىم - پەن ئەسرىدە مەيدانغا چىقىپ تۇرىدىغان «قۇرئان كەرىم» سىرلىرىنى تەپسىر قىلىپ ئېچىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرىدىن كېيىن باشقا تەپسىرگە ھاجەت قالمايتتى. تەپسىر قىلىنغاندىمۇ

[1] سۈرە لوقمان: 13- ئايەت.

مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇ سەۋەبتىن تەپسىر يولىنى ئۇچۇق قويۇپ قويغان».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان تەپسىرلىرى ئاساسەن چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئوچۇقلاش، ئومۇمىيلىق چۈشىنىلىپ قالىدىغان ئايەتلەرنى خاسلاشتۇرۇش، ئايەتلەردە كەلگەن بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان.

## ئىككىنچى باسقۇچ: ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى

بىز باشتا ئېيتقاندەك، ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئومۇمەن تولۇق چۈشىنىپ كېتەلىسىمۇ، يەنىلا بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش سەۋىيەدە ئەمەس ئىدى. مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلىنىڭ پاساھىتىنى بىلىشتىكى سەۋىيەسىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرىنى بىلىشتە بىر خىل بولماسلىقى، شەرئەت بىلىملىرىنى بىلىشتە بىر خىل ئەمەسلىكى قاتارلىقلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنى ياكى سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ ئۆگىنەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانلار بولسا شۇلاردىن سورايتتى، ئاڭلىغانلار چىقمىسا، بىر-بىرىدىن سوراپ ئۆگىنەتتى ۋە ئۆزلىرى ئىجتىھات قىلىپ تەپسىر قىلاتتى.

## ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىشتىكى مەنبەسى

ساھابىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشتىكى مەنبەسى قۇرئان، ھەدىس، ئىجتىھاد ۋە ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەردىن ئىبارەت تۆت ئىدى. بۇلارنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

1. قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى بەزى مەسىلىلەر بىر سۈرىدە ئىخچام ۋە قىسقا بايان قىلىنغان بولسا، يەنە بىر سۈرىدە كەڭ ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بەزى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئومۇمىي ھۆكۈم يەنە باشقا ئايەتلەردە مەلۇم شارائىت ياكى ئەھۋالغا خاس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەر بىر-بىرىنى تەپسىر قىلىدۇ. مەسىلەن: قىسسىلەر بەزى سۈرىلەردە ناھايىتى ئىخچام بايان قىلىنغان بولسا، يەنە باشقا سۈرىلەردە مەزكۇر قىسسىلەر تەپسىلىي ۋە كەڭ بايان قىلىنغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىس، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن قىسسىلىرى بۇنىڭ مىسالى. مۇنداق تەپسىر قىلىش بارلىق تەپسىر ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەمۇ شۇنداق دېگەن[①].

2. قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش

ساھابىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن

---

① شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مقدمة في أصول التفسير» ناملىق ئەسىرى93- بەت.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ئايەتلەردىن تاپالمىسا، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇنى بايان قىلىپ بېرەتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق»[①]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلاتتى.

3. قۇرئاننى ئىجتىھات بىلەن تەپسىر قىلىش

ساھابىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى باشقا ئايەتلەردىن تاپالمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئايەت توغرۇلۇق قىلغان تەپسىرى بولمىسا، ئۇلار ئۆز ئىلمىگە تايىنىپ ئىجتىھات يولى بىلەن تەپسىر قىلاتتى. چۈنكى ئۇلار ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ياخشى بىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈۋاتقان زامانلاردا ياشىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە كۆپ بولغان كىشىلەر ئىدى.

4. قۇرئاننى ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش

«قۇرئان كەرىم» بەزى مەسىلىلەردە، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدە، ئۆتمۈش ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرىدە «تەۋرات»قا مۇۋاپىق كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە مۆجىزىلىرىدە «ئىنجىل»غا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى پۈتۈن جەريانى بويىچە تەپسىلىي بايان قىلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەھۋالى توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالمىغان، پەقەت ئىبرەتلىك تەرىپىنىلا بايان قىلىش بىلەن كۇپايە قىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسان قىسسىلەرنى تەپسىلىي ئاڭلاشقا قىزىقىدۇ، كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىشنى خالايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ۋە كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللا ئىبنى سالام، كەئبۇلئەھبار قاتارلىق ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلاتتى. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ماۋزۇدا ھېچقانداق مەلۇمات كەلمىگەن شارائىتقا خاس ئىدى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بايان قىلغان بولسا، ئۇنى باشقىلاردىن سوراش توغرا ئەمەس ئىدى، ساھابىلەر بۇنى ئوبدان بىلەتتى[②].

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ساھابىلەرنىڭ ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىغا مۇراجىئەت قىلىشى ئالدىنقى ئۈچ مەنبەگە نىسبەتەن مۇھىم ئورۇندا تۇرمايتتى. چۈنكى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»لارغا

① سۈرە نەھل 44- ئايەت.

② دوكتور مۇھەممەد ھۈسەيىن زەھەبىنىڭ «التفسير والمفسرون» ناملىق ئەسىرى 1- توم، 56- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرغۇنلىغان ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كىتابلارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. ئەمما ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللا ئىبنى سالام ۋە كەئبۇلئەھبار قاتارلىق ساھابىلەر ئۆزلىرى ئالىم بولغانلىقتىن، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردىكى توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايتتى. شۇڭا بەزى قىسسىلەردە ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## ساھابىلەرنىڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلىرى

ساھابىلەردىن ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئاففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، ئۇبەيي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق زاتلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىگە تەپسىر قىلىشتا تونۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغان مەشھۇرلىرى تۆت ساھابە بولۇپ، ئۇلار: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللا ئىبنى ئاببىاس ۋە ئۇبەييە ئىبنى كەئب قاتارلىقلاردۇر. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفە شەھرىدە، ئابدۇللا ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدە، ئۇبەيي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە تەپسىر ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان مۇپەسسىرلەرنى يېتىشتۈرگەنىدى.

## ئۈچىنچى باسقۇچ: تابىئىنلارنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى

تابىئىنلارنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق ئىدى. چۈنكى تابىئىنلار ساھابىلەرنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلار تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى ساھابىلەردىن ئۆگەنگەن ۋە ساھابىلەر قوللانغان پىرىنسىپلارنى قوللانغان بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال ئايەتنى ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىش، بۇ مۇمكىن بولمىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش، ھەدىس تېپىلمىغاندا ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش، ئۇمۇ بولمىغاندا، ئۆز ئىجتىھادى بىلەن تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. تابىئىنلارنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى كېيىنچە كېڭىيىپ، ئەھلى كىتابقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەرنى ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ تەپسىرىگە خۇراپىي قىسسىلەر كىرىپ قالغان. تابىئىنلاردىن چىققان مۇپەسسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: مۇجاھىد ئىبنى جەبرى، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەتا، ئىكرىمە، ھەسەن بەسرى، زەيد ئىبنى ئەسلەم، قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى كەئبۇلقەرزى، ئەبۇل ئالىيە رىياھى، ئامىر سەئبى قاتارلىقلاردۇر[①].

## تۆتىنچى باسقۇچ: تەپسىرنىڭ توپلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا، كېيىنكى ساھابىلەرنىڭ زامانىدا، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدە قىلىنغان تەپسىرلەر ھەممىسى دىگۈدەك ئاغزاكى رىۋايەت تەرىقىسىدە كەلگەن بولۇپ، توپلىنىپ كىتاب ھالىغا

① دوكتۇر فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث في أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئەسىرى 33 ـ بەت.

كەلتۈرۈلمىگەن. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندا توپلانغانلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بىر قانچە ئايەتنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەدىسلەرنى توپلاش ھەرىكىتى باشلىنىش بىلەن تەپسىرلەرمۇ كىتاب ھالىغا كېلىشكە باشلىغان. ئەمما تەپسىرنىڭ كىتاب ھالىغا كېلىش جەريانى تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن:

## بىرىنچى: تەپسىرنىڭ ھەدىس توپلاملىرى قاتارىدا توپلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى توپلىنىشقا باشلانغاندا، قىسمەن تەپسىرلەرمۇ ھەدىس توپلاملىرىنىڭ بابلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇستەقىل تەپسىر بولماستىن، پەقەت ھەدىسنىڭ تاھارەت بابى، ناماز بابى، ھەج بابى دېگەنگە ئوخشاش بۆلەكلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ توپلانغان.

## ئىككىنچى: تەپسىرنىڭ مۇستەقىل توپلىنىشى

بۇ باسقۇچتا تەپسىر مۇستەقىل كىتاب ھالىتىدە توپلانغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلىنىپ توپلانغان. ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى خىلكان قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، تەپسىرنى تۇنجى بولۇپ توپلىغان كىشى ئابدۇلمەلىك ئىبنى جۇرەيج (80-140ھ) دېگەن كىشىدۇر. بۇ باسقۇچتا تەپسىر يازغان مۇپەسسىرلەر ئىبنى ماجە (273ھ)، ئىبنى جەرىر تەبەرى (310ھ)، ئەبۇ بەكرى نىساپۇرى (318ھ)، ئىبنى ئەبۇ ھاتىم (327ھ)، ئىبنى ھىببان (369ھ)، ھاكىم (405ھ) ئىبنى مەردۇۋىيە (410 ھ) قاتارلىقلاردۇر[1].

قاتارلىقلاردۇر[1].

## بۇ باسقۇچتىكى تەپسىرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى

بۇ باسقۇچتا توپلانغان تەپسىرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە كەلسەك، (1) بۇ تەپسىرلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ تەپسىرلىرى ئاساس قىلىناتتى. (2) بۇ تەپسىرلەر دەسلەپكى مۇپەسسىرگە مەنسۇپ قىلىنغان ھالدا زەنجىرسىمان بايان قىلىناتتى. (3) بۇ تەپسىرلەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ راست يالغانلىقى سۈرۈشتە قىلىنماستىن بايان قىلىناتتى. (4) بۇ تەپسىرلەردە ئەھلى كىتابنىڭ خۇراپاتلىرى (ئىسرائىلىيات) ناھايىتى كۆپ ئورۇن ئالغانىدى[2].

## ئۈچىنچى: رىۋايەتلەرنى قىسقارتىپ ئىجتىھاد بىلەن تەپسىر قىلىش

بۇ باسقۇچ تەپسىر باسقۇچلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچ بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر تەپسىرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ سەنەدلىرىنى، ئىلگىرىكى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىنى قىسقارتىۋېتىپ، ئۆزلىرى نەقىل كەلتۈرگەن رىۋايەتلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى سۈرۈشتە قىلماستىنلا بايان قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەتەرلىك خۇراپاتلارنى، ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان رىۋايەتلەرنى بازارغا سالغان. بۇ باسقۇچتا يەنە ئۆز

---

[1] ئىمام زەھەبىنىڭ «التفسير والمفسرون» ناملىق ئەسىرى، 1ـ توم 128- بەت.

[2] دوكتۇر فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث في أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئ.ەسىرى36-37- بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

رەئى بىلەن تەپسىر قىلىش، ھەربىر مەزھەبنىڭ مۇپەسسىرى ئۆزىنىڭ مەزھىبىنى كۈچلەندۈرۈپ باشقىلارنى باتىلغا چىقىرىش، ھەتتا ھەركىم ئۆزى مۇتەخەسسىس بولغان ئىلىم ئۇستىدىلا توختىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن بولۇپ، فەقىھ شەرىئەت ئەھكاملىرىنىلا، ئەدىب پاساھەتنىلا، تىلشۇناس گىراماتىكىنىلا بايان قىلىش بىلەن تەپسىرنى تولدۇرغان. يەنە بۇ باسقۇچتا تەپسىر قىلىش سالاھىيىتى يوق تۇرۇپ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش خاھىشى باش كۆتۈرگەندى[1].

## تەپسىرنىڭ تۈرلىرى:

تەپسىر ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇلار: 1-مەئسۇر تەپسىر (التفسير بالمأثور)، 2-ئىجتىهادىي تەپسىر (التفسير بالرأي) دىن ئىبارەتتۇر.

### مەئسۇر تەپسىر

مەئسۇر تەپسىر: ئايەتلەرگە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېتىپ كەلگەن تەپسىرگە ۋە ياكى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن تەپسىرگە ئاساسلىنىپ قىلىنغان تەپسىر دېگەنلىكتۇر. بەزى ئۆلىمالار مەئسۇر تەپسىرنى: «مەئسۇر تەپسىر - ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ توغرا نەقىلگە تايىنىدىغان، دەلىلگە ئاساسلىنىدىغان، ئۆز رەيى بويىچە ئىش كۆرۈلمەيدىغان تەپسىردۇر»[2] دەپ تەرىپلىگەن. مەئسۇر تەپسىر بارلىق تەپسىر تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ئىشەنچلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق تەپسىردە مۇپەسسىر ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن تەپسىر قىلغان بولىدۇ ياكى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان بولىدۇ. ساھابىلەرنىڭ تەپسىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاساسلانغانلىقتىن، ساھابىلەرنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغانلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان بولۇپ سانىلىدۇ.

### مەئسۇر تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

ھجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدىن تا ھازىرقى زامانىمىزغا قەدەر كەلگەن مەئسۇر تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەپسىرى تەبەرى (جامع البيان في تفسير القرآن).
2. تەپسىرى سەمەرقەندى (بحر العلوم).
3. تەپسىرى بەغەۋى (معالم التنزيل).
4. تەپسىرى سۇئلەبى (الكشف والبيان عن تفسير القرآن).
5. تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە (المحرر الوجيز في تفسير الكتاب العزيز).
6. تەپسىرى سۇيۇتى (الدر المنثور في التفسير بالمأثور).
7. تەپسىرى ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم).
8. تەپسىرى سەئالىبى (الجواهر الحسان في تفسير القرآن).
9. تەپسىرى شەۋكانى (فتح القدير).
10. تەپسىرى شىنقىتى (أضواء البيان في إيضاح القرآن).

### ئىجتىهادىي تەپسىر

ئىجتىهادىي تەپسىر: «قۇرئان كەرىم»

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «الاتقان» ناملىق ئەسىرى 2-توم، 190-بەت.
[2] دوكتۇر فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث في أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئەسىرى71- بەت.

ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى كۈچى بىلەن (ئىجتىھاد يولى بىلەن) تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇخىل تەپسىر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى قوبۇل قىلىنىدىغان تەپسىر، يەنە بىرى، قوبۇل قىلىنمايدىغان تەپسىردۇر.

## قوبۇل قىلىنىدىغان تەپسىر

قوبۇل قىلىنىدىغان تەپسىر: «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تايانغان تەپسىر بولۇپ، مۇپەسسىرنىڭ ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، بۇ تىلنىڭ قائىدە ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، شەرىئەت پىرىنسىپلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى ئوبدان بىلىدىغان بولۇشى شەرتتۇر. مۇپەسسىر بۇ يەردە ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بارچە ئەقلىي ۋە ئىلمىي كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ، ئەرەب تىلىدىكى ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىدىكى ماھارىتىنى ئىشقا سالىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇ خىلدىكى تەپسىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئاللاھ تائالادىن تىلىگەن تەپسىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئاللاھ، ئۇنى دىندا ئالىم قىلغىن، ئۇنىڭغا تەپسىر ئىلمىنى بىلدۈرگىن» دەپ دۇئا قىلغان. كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ خىل تەپسىرنى قوللايدۇ.

## قوبۇل قىلىنمايدىغان تەپسىر

قوبۇل قىلىنمايدىغان تەپسىر: «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ھېچقانداق دىنىي نەقلىنى ئاساس قىلماستىن، پەقەت ئۆز ئەقلىگە ۋە ئۆزىنىڭ خاھىشىغا تايىنىپ تەپسىر قىلىشتۇر. كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق تەپسىرنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ، مۇنداق تەپسىر قىلىشنى بىدئەت سادىر قىلغانلىق دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى مۇنداق تەپسىرنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى خاۋارىج، شىئە، راپىزى، باتىنىيە دېگەندەك ئازغۇن مەزھەبلەرنىڭ مەنسۇبلىرى بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن مەزھەبلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ تەپسىر قىلغان. كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ خىل تەپسىر قىلىشنى قەتئىي ھارام دەپ قارايدۇ. تۆۋەندە كۆپچىلىك ئۆلىمالار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىجتىھادىي تەپسىرلەردىن بەزى ئۆرنەكلەر بېرىلىدۇ.

## ئىجتىھادىي تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

1. تەپسىرى كەششاف (الكشاف).
2. تەپسىرى رازى (مفاتيح الغيب).
3. تەپسىرى نەسەفى (مدارك التنزيل وحقائق التأويل).
4. تەپسىرى خازىن (لباب التأويل في معاني التنزيل).
5. تەپسىرى ئىبنى ھەببان (البحر المحيط).
6. تەپسىرى بەيداۋى (أنوار التنزيل وأسرار التأويل).
7. تەپسىرى جەلالەين (تفسير الجلالين).
8. تەپسىرى ئەبۇ سۇئۇد (إرشاد العقل السليم الى مزايا الكتاب الكريم).
9. تەپسىرى ئالۇسى (روح المعاني في تفسير القران العظيم والسبع المثاني).
10. تەپسىرى مەنار (تفسير المنار).
11. تەپسىرى فى زىلالىل قۇرئان (في ظلال القرآن).

ـ داۋامى كېيىنكى ساندا...

www.uyghurkitap.com

# «ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار» دېگەن ئايەت توغرىسىدا



ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

«ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر»[1].

يۇقىرىقى ئايەت ئىسلامنىڭ كۆرسەتمە ۋە تەلىماتلىرىنى كۆڭلىگە ياقسۇن-ياقمىسۇن بىر پۈتۈن ھالدا قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇماقتا. بۇ ئايەت ئىسلامنى بىر پۈتۈن قوبۇل قىلماسلىقنى شەيتانغا ئەگەشكەنلىك دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا. چۈنكى ئاللاھنىڭ يولى غايە ۋە نىشان جەھەتتە باشقا يوللارغا ئوخشىمايدۇ، ئومۇمىي پرىنسىپلاردا سۇسلۇق قىلىش شەيتاننىڭ يولىغا تۇيماستىن ئەگەشكەنلىكتۇر.

## بۇ ئايەتنىڭ روھىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرەلەيمىز:

1. ئاللاھنىڭ يولى مۇكەممەللىكتە ۋايىغا يەتكەن توپتوغرا ۋە يېگانە يولدۇر. بۇ يول مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا پەلسەپە قاراشلارغا ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە زىت كېلىدىغان ئىشلاردا مەيدان كېڭەيتىپ بەرمەيدۇ. ئىسلام يولىنىڭ باشقا يوللاردىن يېگانىلىقى ئالاھىدە سەزگۈرلۈكنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ يولدىن ۋە ئۇنىڭ غايە-مەقسەتلىرىدىن بۇرۇلۇپ كېتىش ئومۇمىي ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىشتا ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەممە تەرەپتىن ساپ ۋە سۈزۈك بولۇش پەقەتلا ئىماننىڭ نەزەرىيە قىسمى بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ يولىنى تەتبىقلاش ۋە بۇ يولنىڭ ئىجابىيلىقىنى كۆرستىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ مۇھىمدۇر. ئىماننىڭ ئېتىقاد جەھەتتە ساغلام بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ؛ تەتبىقلاش باسقۇچىدىمۇ مۇكەممەل بولۇشى كېرەك. ئىسلامنى پارچىلاپ تەتبىقلاش ئىمانغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد

[1] بەقەر سۈرىسى، 208-ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارغا بويسۇنۇپ ئاللاھنىڭ يولىنى پارچىلاپ ئېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان: «ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرىشىدىن ساقلانغىن»①.

2. ئىسلام دىنىدا ياخشىلىق ئامىللىرى سان ـ ساناقسىز بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى بۇ ياخشىلىق ئامىللىرىدىن قانچىلىك ئەمەل قىلالىسا ئىمانى ۋە مۇسۇلمانلىقىنىڭ مۇكەممەللىكى شۇنچىلىك بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆمرى ۋە كۈچى چەكلىك بولغاچقا، مۇسۇلمان كىشى ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئومۇمي پىرىنسىپلىرى بىلەن ھىدايەت تېپىپ ۋە كامالەتتىن بەھرىمەن بولغان بولسا؛ ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن تەييارلىقى، شارائىتى ۋە كۈچ قۇدرىتىگە يارىشا مۇناسىپ جانلىق مەيدانلارنى ئىبادەت مېھرابى سۈپىتىدە ئىزدىشى لازىم. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىنىڭ پەرز ئىبادەتلەردىن باشقا ئىبادىتى ئىلمىي ساھەدە يۇقىرى سەۋىيىدە نەتىجە قازىنىشقا ئۇرۇنۇشتۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە ئۆزگە تايىنىشى ئۈچۈن كەسپى خادىملارنىڭ ئۆز كەسپىدە پۇختا يېتىلىشى ئىبادەتتۇر. ئالىملارنىڭ ئىجتىھاد قىلىشى، دەۋەت قىلىشى، شەرىئەتنى زامانغا مۇناسىپ يورۇتۇپ بېرىشى، ياخشى ئىشلارغا يول كۆرسىتىپ، پاسسىپ ئىشلارنى چەكلىشى، دىيانەتلىك بولۇش ئۇقۇمنى يېڭىلىشى ۋە ئۈممەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يېتىشى ئىبادەتتۇر.

ھاكىملارنىڭ ئادالەت تۇرغۇزۇشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى ھىمايە قىلىشى، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى قوغدىشى ۋە دەۋەتنى قانات يايدۇرۇشى ئىبادەتتۇر. ئەسكەرلەرنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئۈچۈن ھەر زامان تەييار تۇرۇشى ئىبادەتتۇر. بايلارنىڭ ۋە يۈزلۈك كىشىلەرنىڭ كەمبەغەللەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىشى، ئاجىزلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشى، مائارىپ ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئومۇمي ئورگانلارنى قۇرۇپ چىقىشى ئىبادەتتۇر. بۇلاردىن قايسى بىرى ئۆزى ياخشى بىلىدىغان كەسپى مەيداندىن چىقىپ كەتسە، ئۆزىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى كاتتا ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. بەلكى ئېغىر زىيانلارغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر ئەھلى ئىلىمنىڭ غېمى مەسجىد ياساش ئۈچۈن ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يىغىشلا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ كۆرەش قىلىدىغان ھەقىقىي مەيداندىكى كۈچى ئازلاپ كېتىدۇ. ھاكىم ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلماي كىچىك تۈردىكى ياخشىلىق قىلىدىغان ئىشلار بىلەن ياكى نەپلە ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتسە، ھاكىمنىڭ بۇ ئىشى توغرا بولمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا دېگۈدەك پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ... ھەر بىر ئىشنى ئۆز ئورنىدا قويۇش لازىم.

① مائىدە سۈرىسى، 49 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

3. ئىسلامنىڭ تۈزۈملىرى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر -بىرىنى جانلاندۇرىدۇ. شۇڭا ئىسلامنىڭ قايسىبىر تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا ئاجىزلىق ياكى نۇقسان كۆرۈلسە، باشقا تۈزۈملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە تۈرلۈك قىممەتقاراش قۇرۇلمىلىرى بىر ئۇقۇمنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئىسلامنىڭ قايسىبىر پرىنسىپىدىن ۋاز كېچىش ياكى چەتنەپ كېتىش ئىسلامنىڭ دۇنيا كۆز قارىشىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆرۈپ تاشلىغانلىق بولىدۇ. بۇنى بىلمەسلىك ئۇنى كۆزگە ئىلماي بىلمەسكە سېلىشقا ياكى تانغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش. بىرەر قىسمىدىن ۋاز كېچىش نەزەرىيە جەھەتتە كۆز قاراشنىڭ ئېنىقسىزلىقىدۇر، تۇيغۇ جەھەتتە تەئپۇئلۇقنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن، ئىش ھەرىكەت ۋە رېئال ھايات جەھەتتە ئىسلام ھايات تۈزۈلمىسىنىڭ داۋالغۇشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

(1) زاكات ئىسلامنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ بىر قىسمى، بۇ پەرزنى ئادا قىلماسلىق ئىقتىساد تۈزۈلمىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي تۈزۈمگە زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زاكات ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرۇش ۋە ياردەم قىلىشقا ئوخشاش تۈزۈملەرنىڭ پائالىيەت سايىسىدا ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالايدۇ، بولمىسا ئىشسىزلىق ۋە بىكار تەلەپلىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. زاكات ئىسلام ئىقتىساد تۈزۈمىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىقتىساد تۈزۈلمىسى جانلىق بولمىسا مەقسىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالمايدۇ. دۆلەت ياكى خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى ئىقتىساد ھەرىكىتىنىڭ قىسمەن يوقىلىشىغا، گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاجىزلىشىغا، خىزمەت پۇرسىتىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە ۋە يوقسۇللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ.

دېمەك، زاكات تۈزۈمىنىڭ پائالىيەتچانلىقى دۆلەتنىڭ ھەر بىر كەمبەغەلگە ئىنسانىي ھۆرمىتىنى ساقلىيالىغۇدەك ۋە ئىشلەپچىقىرالايدىغان بىر ۋەزىيەتكە تۈرتكە بولالىغۇدەك مىقداردا تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ يەتكۈدەك تۇرمۇش يولىنى ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا قىسمەن باغلىنىدۇ. ئەگەر دۆلەت بۇ مەسىلىدە سۇسلۇق قىلسا ئۇ چاغدا كەمبەغەللەرنىڭ سانى زاكات، سەدىقە، نەزرە ۋە كاپپارەتكە ئوخشاش ياردەم ۋاستىلىرىمۇ ھەل قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

(2) ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت مۇھىم ئىككى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بۇ ئىككى ئاساسنىڭ قايسى بىرىدە نۇقسان كۆرۈلسە، يەنە بىرسىنى ئادا قىلىشتا نۇقسانىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئائىلىنىڭ ۋەزىپىسى پەرزەنتلەرنى ساغلام ئېتىقاد، توغرا قىممەتقاراش ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەشتۇر. جەمئىيەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىجابىي قىممەتقاراشلارنى جانلاندۇرۇش ۋە ئەزالىرىنى ئەخلاقسىزلىق ياكى خاتا ئىستىلدىن قوغداشتا ئەكس ئېتىدۇ. نەمۇنىلىك تەربىيە قىممەتقاراش ۋە

تۈزۈمگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشىنىشتە ۋە ئائىلە تەربىيەسىنىڭ ئىمان ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي ئۆلچەم بىلەن بىرلىشىشىدە نامايان بولىدۇ. ناۋادا ئائىلە تەربىيەسىدىكى قىممەتقاراشلار بىلەن تەشۋىقات ۋاستىلىرى ياكى مەكتەپ ياكى جەمئىيەت تارقىتىۋاتقان قىممەتقاراشلار ئارىسىدا پەرق بار دەپ پەرەز قىلساق، پەرزەنتلەرنىڭ پسىخىكىسى ئىككى تەرەپلىمە قىممەتقاراشلار ئارىسىدا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئائىلە تەربىيەسى جەمئىيەت تەرىپىدىن خەتەرگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بالىلار مەكتەپ ياكى جەمئىيەتتە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۆيدە يوشۇرىدۇ، ئۆيدە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى مەكتەپ ياكى جەمئىيەتتە يوشۇرىدۇ. نەتىجىدە بالىلارنىڭ پسىخىكىسىدە قوش مىجەزلىك خاراكتېر، ھەيرانلىق ۋە روھسىزلىق ئەۋج ئالىدۇ-دە شارائىتنىڭ ئېقىمى تارتىپ كېتىدۇ.

(3) ئىسلامنىڭ تۈزۈملىرى كائىنات نەزىرىيىسى، نىشان ۋە مەقسەتلىرىدە يەككە-يېگانە بولۇپ، ئىسلامنىڭ خاراكتېرىدىن بەك يات ئامىللارنىڭ كىرىشى ئىچكى مۇقىملىققا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. يات ئامىللار ئىسلامنىڭ روھى ۋە ئاساسلىق تۈزۈملىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ قالسا، تەڭپۇڭلۇقنى ئۇرۇپ تاشلايدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا خىزمەت قىلىدىغان يېڭى نەرسىلەر بولسا قوبۇل قىلىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش ئىنساننىڭ خاراكتېرى، ئەگەر يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتىگە لاياقەتلىك كىشىلەر ئىگە بولمىسا، نادانلار ئىگە بولىدۇ.

### «ئايالنىڭ ئىسمى يوق»، ئۇنداقتا قەدىر-قىممىتىچۇ؟

بېشى ئالدىنقى ساندا...

كۈنىمىزدە كۆپىنچە ئۆيلەر ئىككى كىشىلىك مېھمانخانىغا ئايلاندى. دادا ئىشتا، ئانا ئىشتا، بالا يەسلىگە مەھكۇم. نېمە دېگەن گۈزەل ھايات! سىز بۇنى ئائىلە دېيەلەمسىز؟ بۇنى قانداقمۇ ئائىلە دېگىلى بولسۇن! نەتىجىدە ئەڭ باشتا پەرزەنت ساننى ئازايتىشقا قايىل قىلدى. دېمىسىمۇ، ئۆيدىن چىققان ئايال بۇنىڭغا قايىل بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. باشقا شەكىلدە تالاغا چىقالمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەركىن-ئازادە سىرتقا چىقىشقا توسالغۇ بولىدىغان ھەر نەرسە بىر يۈكلىكاشاڭ ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ ئىچىگە پەرزەنت، ھەتتا ئايالدىن «ئاياللىق» تەلەپ قىلىدىغان ئېرىمۇ كىرەتتى.

ئائىلىسىزلىكنىڭ باش تەشەببۇسچىسى بولغان غەرب ئەللىرىدە مودېرن (زامانىۋىي) ئاياللار تۇغمايدۇ. ئۆتكەندە قىبرىس رەسمىي ھۆكۈمىتى ھەر تۇغۇت ئۈچۈن 60 مىڭ دوللار بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىلمەن، ئاياللارنى تۇغۇشقا يەنىلا قايىل قىلالمايدۇ. پەرزەنتنى ئۆزى ئۈچۈن بىھۇدە جاپا تارتىش دەپ قارايدىغان بىر ئايالنى قانداقمۇ تۇغۇشقا قايىل قىلالايسىز؟ بولۇپمۇ «كوللېكتىپ بۇيۇم»غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىدىكى «ئانا» ئۆلتۈرۈلگەن مودېرن ئايالنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن دىلى فىترەتنىڭ چاقىرىقىنى قانداقمۇ ئاڭلىيالىسۇن؟

مانا زامانىۋىي جەمئىيەت ئانىلارنىڭ قولىغا ئىتنىڭ زەنجىرىنى تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە «بالا باققۇچە ئىت باق» دېيىشتى. مودېرن ئايال ئۆزىمۇ ھېس قىلماستىن ئىتنى پەرزەنتنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. پەرزەنتنىڭ جاپاسىغا رازى بولۇشتىن قاچقان ئايال، ئىتنىڭ جاپاسىغا رازى بولدى. بۇ خۇددى بىر ئەرنىڭ جاپاسىغا رازى بولۇشتىن ئۆزىنى تارتىپ، دىلىدىن ئائىلىنى چىقىرىپ تاشلىغان ئايالنىڭ، ئەرلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن مەھرۇم مەسئۇلىيەتسىز، ئېيىپسىز ئەرنىڭ دەردىنى تارتىشقا رازى بولۇشىغا ئوخشايتتى.

داۋامى 40-بەتتە

www.uyghurkitap.com




# رامىزان ۋە سالامەتلىك

ئابدۇلئەھەد ھابىز

ئەي سالامەتلىك مەنبىيى قۇتلۇق ئاي خۇش كەلدىڭ! ئەي 1000 ئايدىن ئەۋزەل كېچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ ئاي خۇش كەلدىڭ! ئەي رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئېيى خۇش كەلدىڭ! ئەي جەننەت دەرۋازىلىرى ئاخىرىغىچە ئېچىلىپ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدىغان مۇبارەك ئاي خۇش كەلدىڭ! ئەي قەلبىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمىنى، بىر يىلدىن بىرى يولۇڭغا ئىنتىزار بولغان ئەزىز ئاي خۇش كەلدىڭ!

ئى ئۇلۇغ ئىگىمىز! ساڭا چەكسىز ھەمدۇ سانالار ئېيتىمىزكى، بىزنى 12 ئاينىڭ ئەۋزىلى بولغان مۇبارەك رامىزان ئېيىغا سالامەت يەتكۈزدۈڭ. ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانالار ئېيتىمىزكى، بىزگە ئەڭ ئۇلۇغ كالامىڭ بولغان «قۇرئان كەرىم»نى مۇبارەك رامىزان ئېيىدا نازىل قىلدىڭ. ساڭا چەكسىز ھەمدۇ سانالار ئېيتىمىزكى، بىزنى پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرخىلى بولغان ھەبىبىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۈممەت قىلدىڭ. ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانالار ئېيتىمىزكى، سېنىڭ رەھمىتىڭ مول ياغىدىغان، پۈتكۈل گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدىغان مۇبارەك ئاينى بىزگە ئاتا قىلدىڭ. ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانالار ئېيتىمىزكى، بىزنى بۇ ئۇلۇغ ئايدا ساق-سالامەت قىلىپ، روزا تۇتۇشقا مۇيەسسەر قىلدىڭ.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! تۆۋەندە رامىزان روزىسىنىڭ ئىنسان سالامەتلىكىگە بولغان بىر قىسىم پايدىلىرىنى بەزىسىنى زىكرى قىلىپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن شۇنى بىلىش كېرەككى، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى، ئىسلامنىڭ بەش رۇكنىنىڭ بىرى بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. بۇ ئىبادەتنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ، گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئاخىرەتتە جايى جەننەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئىبادەتلەر پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئادا قىلىنىدۇ. ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا ئۇنىڭ

پايدا ـ ھېكمەتلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. دۇنياۋى مەنپەئەت كۆزلەنمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا بىزگە بۇيرىغان ئىبادەتلەردە، جۈملىدىن رامىزان روزىسىدا نۇرغۇنلىغان ماددىي ۋە مەنىۋىي پايدا ۋە مەنپەئەتلەر بار. بىز بۇ مۇبارەك ئىبادەتنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىرىدىن پەقەت ئىنسان سالامەتلىكىگە بولغان پايدىلىرىنىلا بايان قىلىمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ياخشىراقتۇر»[1]

ئۆزۈن يىللار داۋاملاشقان تىببىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە مەلۇم بولدىكى، روزا، تۇتسىمۇ بولىدىغان، تۇتمىسىمۇ بولىدىغان ئىختىيارى بىر ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ سالامەتلىك ئۈچۈن خۇددى يېمەك ـ ئىچمەككە ئوخشاش ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈر بىر ئىشتۇر. ئىنسان خۇددى تاماقتىن ياكى ئۇخلاشتىن مەھرۇم بولسا ئاغرىپ قالغاندەك، روزا تۇتمىغان ئىنساننىڭ بەدىنى ھەر تۈرلۈك كېسەللەردىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ: يا رەسۇلەللاھ! ماڭا پايدىلىق بىر ئىشنى بۇيرۇسىلا، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «روزا تۇتقىن، ئۇ مىسلىسىز ئىبادەتتۇر» دېدى[2]. رەسۇلۇللاھ يەنە: «روزا تۇتۇڭلار، سالامەت بولىسىلەر» دېگەن.[3]

روزىنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن مۇھىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى: روزا بەدەندىكى كونا ۋە ھاجەتتىن تاشقىرى ھۈجەيرىلەرنى يوقىتىپ ئورنىغا يېڭى ھۈجەيرىلەرنى بىنا قىلىدۇ. ئىسلامدا بۇيرۇلغان روزا ـ تەخمىنەن 15 سائەت ئاچ تۇرۇش، ئاندىن بىر نەچچە سائەت ئىپتار ۋاقتىدىن ئىبارەت بولۇپ ـ بەدەندىكى ھۈجەيرىلەرنى يوقىتىپ يېڭىسىنى بىنا قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئۇيغۇن ئۇسۇلدۇر. روزا بەزىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك بەدەننى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ، ئەكسىچە بەدەننى يېڭىلاپ جانلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ شەرتى روزىنىڭ ئىسلامدا كۆرسىتىلگەندەك نورمال نىسبەتتە بولۇشىدۇر. مۇسۇلمانلار ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش سۈننەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقان كىشىگە يىل بويى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەن.[4]

كولومبىيە ئۈچۈر ـ ئاخبارات مەكتىپىدىن توم بىرنىز مۇنداق دەيدۇ: «مەن روزىنى تەن ساقلىقىغا بولغان پايدىسىدىن كۆپرەك روھىيەتكە پايدىلىق دەپ قارايمەن. مەن ئەسلىدە سېمىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن روزا تۇتۇشقا باشلىغان ئىدىم. لېكىن روزىنىڭ زېھنىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە كۆزنى روشەن قىلىشتا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. روزا يېڭى پىكىرلەرنى تېپىپ چىقىشقا ياردەمچى بولىدۇ ۋە ھېس ـ تۇيغۇلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ. مەن بىر نەچچە كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئۆزەمنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك بىر روھىي تەجرىبە

---

[1] سۈرە بەقەرە: 184 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام نەسائى رىۋايىتى.

[3] ئىمام تەبەرى رىۋايىتى.

[4] ئىمام تەبەرى رىۋايىتى.

ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم».

توم بېرىنز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھازىرغىچە بىر نەچچە قېتىم روزا تۇتتۇم، بەزىدە بىر كۈن، بەزىدە ئالتە كۈن روزا تۇتتۇم. باشتا بەدىنىمنى تاماقتىن كېلىپ چىققان زىيادە مايلاردىن تازىلاش ئۈچۈن روزا تۇتاتتىم. ھازىر نەپسىمنى ھاياتىم بويىچە تويلىشىپ كەتكەن كىرلاردىن پاكلاش ئۈچۈن روزا تۇتىدىغان بولدۇم. دۇنيانى بىر نەچچە ئاي ئايلىنىپ، ئىنسانلارغا قىلىنىۋاتقان قورقۇنچلۇق زۇلۇملارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزەمنى ئۇلارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇملاردىن ئۆزۈمنىمۇ جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن روزا تۇتىمەن.

مەن روزا تۇتقان ۋاقتىمدا تاماق يېيىشكە بولغان ئىنتىلىشىم يوقىلىدۇ، بەدىنىم كۆپ راھەت ھېس قىلىدۇ. روزا تۇتقان ۋاقتىمدا كۆڭلۈمدىكى ھەسەت، قىزغىنىش ۋە باشقىلارغا يامانلىق قىلىش قاتارلىق سەلبىي خاھىشلارنىڭ يوقالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. كۆڭلۈم خۇشپ - ئەندىشە، مالالىق ھېس قىلىش ۋە چۈشكۈنلۈك قاتارلىق تۇيغۇلاردىن خالاس بولىدۇ. روزا تۇتقىنىمدا ئۆزەمدە بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمايمەن. روزا تۇتۇش جەريانىدا ئىنسانلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىلىرىم ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر يىلى رامزان ئېيىنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئىشلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مەن دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە مۇسۇلمانلار رامزان ئېيىنى قارشى ئالغاندەك قىزغىن تەنتەنىنى كۆرمىدىم».

مانا بۇ مۇسۇلمان ئەمەس بىر كىشىنىڭ روزا ھەققىدىكى تەجرىبىسى.

## روزا پىچاقسىز ئوپېراتسىيەدۇر:

روزا بەدەندىكى كونا ۋە ئاجىز ھۈجەيرىلەرنى يوقىتىشتا خۇددى ئوپېراتسىيە پىچىقىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى روزا ئىنساننى بىر نەچچە سائەت ئاچ تۇرۇشقا زورلايدۇ. بۇ ئاچلىق سەۋەبى بىلەن ئىچ ئورگانلار بەدەندىكى كونىراپ كەتكەن ۋە ئاجىز ھۈجەيرىلەرنى تۈگىتىدۇ. بۇ بەدەنگە ئىشقا يارىمايدىغان ھۈجەيرىلەردىن قۇتۇلۇپ، يېڭى ھۈجەيرىلەرگە ئىگە بولۇش ۋە پائالىيەتچان ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن ئالتۇن پۇرسەتتۇر. ھەتتا كېسەل ئەزالارنىڭ ھۈجەيرىلىرىمۇ روزا تۇتۇش جەريانىدا يېڭىلىنىدۇ. روزا بەدەننى ئىشلىتىلمەي زاپاس ساقلىنىپ قالغان ۋە بەدەنگە زىيانلىق بولغان نۇرغۇنلىغان ماددىلاردىن تازىلايدۇ.

## روزا قەنت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ:

روزا قاندىكى شېكەر نىسبىتىنى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. روزا بېنكرىياس بېزىگە ئارام ئېلىش پۇرستى بېرىدۇ. بېنكرىياس بېزى شېكەرنى مايغا ئايلاندۇرۇپ ساقلايدىغان ئىنسۇلىن ئىشلەپ چىقىرىدۇ. تاماق ئىنسۇلىن مىقداردىن كۆپ بولۇپ كەتسە، بېنكرىياس قاتتىق چارچاپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاندىكى شېكەر



www.uyghurkitap.com

نسبىتى ئېشىپ كېتىدۇ ۋە تەدرىجىي قەن كېسىلى پەيدا بولىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى مەملىكەتلىرىدە قەن كېسىلىنى داۋالاشتا ئون سائەتتىن 20 سائەتكىچە روزا تۇتۇش ئۇسۇلى تەتبىق قىلىنىدۇ. ئاندىن كېسەلگە ئاز مىقداردا يەڭگىل يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا داۋالاش ئۈچ ھەپتە داۋاملىشىدۇ. ھېچقانداق دورا ئىشلەتمەستىن روزا ئارقىلىق داۋالاش ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۈنۈملۈك نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلگەندۇر.

## روزا ئەڭ ئەرزان دوختۇردۇر:

روزا ھەقىقەتەن ئەڭ ئەرزان دوختۇر، بۇنىڭدا ھېچ مۇبالىغە يوق. روزا چوقۇم ئورۇۇقلىتىدۇ، بۇنىڭ شەرتى ئىپتاردا تاماقنى نورمال مىقداردىن زىيادە يېمەسلىك. كۈندۈز روزا تۇتۇپ ئون نەچچە سائەت ئاچ قالغاندىن كېيىن، ئىپتاردا ئاشقازاننى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تولدۇرۇش زىيانلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتاردا بىر نەچچە تال خورما ياكى بىرەر ئىستاكان سۇ بىلەن ئېغىز ئاچاتتى، ئاندىن ناماز شام ئوقۇيتتى، ئاندىن ئاز-تولا تاماق يەيتتى. بۇ روزا تۇتقان كىشىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. چۈنكى خورمىدىكى شېكەر ماددىسى ئىنسانغا توقلۇق ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى قان شېكەر ماددىسىنى ناھايىتى تېز ئېمىدۇ. خورما ئەينى ۋاقىتتا بەدەنگە لازىم بولغان كۈچ ۋە ئېنېرگىيە بېرىدۇ.

ئەمما ئۇزۇن مۇددەت ئاچ قالغاندىن كېيىن گۆش، نان ۋە خام سەيگە ئوخشاش تاماقلارنى يېگەندە، ئاشقازان ئۇلارنى دەرھال ھەزىم قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى توقلۇق ھېس قىلدۇرىدىغان شېكەر ماددىسىغا ئايلاندۇرالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ ئاچلىق ھېسسىياتى بېسىلمايدۇ. بۇ ئەھۋال روزىنىڭ تەن سالامەتلىككە پايدىلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، زىيانلىق ھالغا كەلتۈرىدۇ. قاتتىق سەمرىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە روزا تۇتۇشنى پەرز قىلىشىنىڭ ھېكمىتى بۇ ئەمەس.

## روزا تېرە كېسەللىكىگە شىپا:

روزا تېرە كېسەللىرىنى داۋالاشتا ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. بۇنىڭ سەۋەبى، روزا قاندىكى سۇ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرىدىكى سۇ نىسبىتىمۇ ئازىيىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار مەيدانغا كېلىدۇ:

1- تېرىنىڭ مىكروبلارغا، يۇقۇملۇق كېسەللەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

2- سەدەپ كېسىلىگە ئوخشاش بەدەندە چوڭ ئورۇنلارغا يېيىلىدىغان تېرە كېسەللىكىنىڭ چوڭىيىشىنىڭ ئالدى ئالىدۇ.

3- بەدەندىكى قىچىشقاق كېسىلى ۋە تېرىدىكى مايدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرنى ئازايتىدۇ.

مىسىرلىق ئىلھام ھۇسەين دېگەن ئايال مۇنداق دەيدۇ: ″مەن ئون يېشىمدا سەدەپ كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم. ئۇ قىزىل مودۇرچاق شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان كېسەللىك بولۇپ، بەدەننى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



قاپلاپ كېتىدۇ. مەسىردىكى تېرە دوختۇرلىرى دادامغا: بۇ كېسەل ئۇزۇن مۇددەت ساقايمايدىغان كېسەل، قىزىڭىزنىڭ بۇ كېسەل بىلەن ياشاشقا كۆنىشى كېرەك، دېگىنىدىن كېيىن مېنىڭ ساقىيىش ئۈمىدىم پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى.

يېشىم يىگىرمىگە كىرىپ تويى قىلىش ۋاقتىم يېقىنلاشقانسېرى قاتتىق ئېچىم پۇشىدىغان، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ۋە يۈرىكىم سىقىلىدىغان بولىدى. بۇ چىدىغۇسىز ئەھۋالدا ياشاۋاتقىنىمدا، دادامنىڭ دىندار بىر دوستى: قىزىم! بىر كۈن روزا تۇتۇڭ، بىر كۈن تۇتماڭ، مېنىڭ ئايالىممۇ دوختۇرلار دورا قىلالمىغان كېسەللىكىدىن روزا تۇتۇش ئارقىلىق ساقايدى. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماڭكى، شىپالىق بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر. سەۋەبلەر ۋە شىپالىق ھەممىسى ئاللاھنىڭ قولىدا، ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالادىن شىپالىق تىلەڭ، ئاندىن روزا تۇتۇڭ، دېدى. مەن، مېنى قورشىۋالغان بۇ دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر نەرسە تېپىشنى ئۈمىد قىلىۋاتاتتىم. شۇنىڭ بىلەن روزا تۇتۇشقا باشلىدىم. ئېپتاردا خام سەي بىلەن مۇۋەغىنە يەپ، ئۈچ سائەتتىن كېيىن تاماق يېيىشكە ئادەتلەندىم. مۇشۇ شەكىلدە كۈن ئاتلاپ روزا تۇتتۇم. ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش بولدى. يەنى كېسىلىم ساقىيىشقا باشلىدى. روزا تۇتۇشقا باشلاپ ئىككى ئايدىن كېيىن پۈتۈنلەي نورمال ھالغا كەلدىم. ئۆزۈمنى تەبىئىي ھالەتتە كۆرۈپ ئىشىنەلمەي قالدىم. كېسەلنىڭ ئىزى كۈندىن كۈنگە ئازىيىپ، ئاخىردا ھاياتىمدا تېرەم ھېلىقى كېسەلگە ئۇچرىغاندەك ھالەتكە كەلدىم.″

روزا پادىشاھلار كېسەلىدىن ساقلايدۇ:

بۇ تاماقنى ۋە گۆشنى كۆپ يېگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك بولۇپ، گۆشتىكى پروتېنلارنىڭ بەدەندە ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇت ئاغرىيدىغان، پۇتنىڭ بارماقلىرى ئىششىيدىغان كېسەل پەيدا بولىدۇ. سۈيدۈكتىكى تۇز مىقدارى كۆپىيىپ، بۆرەكتە تاشقا ئايلىنىدۇ. بۇ تېز تارقاش خاراكتېرىگە ئىگە كېسەل بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ تەسىرلىك دورىسى ۋە بۇ كېسەلدىن ساقلىنىشنىڭ يولى روزا تۇتۇشتۇر.

## روزا مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ:

كۆپىنچە مۇسۇلمان ئەمەس مۇتەخەسسىس ئۇستازلار ئىلمىي ۋە تىببىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ مۇنداق نەتىجە چىقارغان: روزا بەدەندىكى مايىنى ئازايتىدۇ، بۇ بولسا خولېستېرول ماددىسىنى كېمەيتىدۇ. خولېسترولنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ ئۈچەيدە ساقلىنىپ قالىدىغان ماددا بولۇپ، بەدەندىكى ماي نىسبىتىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇنىڭ نىسبىتىمۇ كۆپىيىدۇ-دە، ئۈچەينىڭ قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ بولسا مېڭىگە قان چۈشۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ: «روزا تۇتساڭلار، سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىلمىي تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغانلىقىنى كۆرىمىز. مىڭلارچە

ئىنسان ئاڭسىز ۋە كونترولسىز يەپ ـ ئىچىپ ئۆزلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدى. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تالانىڭ يولىغا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتە چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك ۋە ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش دېگەن سۈننىتىگە ئەگەشكەن بولسا، بەدەنلىرىنى سەمرىپ كېتىشتىن ساقلىغان ۋە ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن قۇتۇلغان بولاتتى.

روزا بوغۇم ئاغرىقلىرىنىڭ شىپاسى:

بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىششىپ كېتىدىغان ۋە چىدىغۇسىز ئاغرىيدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئىككى قول بىلەن ئىككى پۇت تونۇغلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ كېسەل ھەر ياشتىكى كىشىدە پەيدا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن 30 ياش بىلەن 50 ياش ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىشنىڭ يامان يېرى زامانىۋى مېدىتسىنا ئىلمى ھازىرغىچە بۇ كېسەلگە دورا تاپالىغىنى يوق. لېكىن رۇسىيەدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، روزا بۇ كېسەلنىڭ ئەڭ تەسىرلىك دورىسى ئىكەن. بۇ تەجرىبىنى ئېلىپ بارغان مۇتەخەسسىس دوختۇرلار ئېيتىدۇ: ئۈزۈلدۈرمەي ئۈچ ھەپتە روزا تۇتقاندا بەدەن تولىشىپ قالغان كېرەكسىز ۋە زەھەرلىك ماددىلاردىن پۈتۈنلەي تازىلىنىدۇ. بۇ ھالەتتە بارماق كېسىلىگە سەۋەب بولغان مىكروبلارمۇ روزا ئارقىلىق بەدەندىن يوقىلىدۇ. بۇ تەجرىبە كۆپلىگەن كېسەللەردە ئېلىپ بېرىلدى ۋە ھەيران قالارلىق نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

نيويوركتىن سۇلايمان روجىرز دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۈچ يىلدىن بېرى بارماقلىرىم قاتتىق جاراھەت بولۇپ، ئاغرىيدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىدىم. ئۇزۇنراق ماڭالمايدىغان ۋە يۈگۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. يېرىم سائەتتىن كۆپ ئولتۇرالمايمەن، كۆپرەك ئولتۇرۇپ قالسام پاچاقلىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىدۇ.

كېسىلىمنى داۋالاش ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللاندىم، ھېچبىرىنىڭ پايدىسى بولمىدى. كېيىن ئاللاھ تالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر نېگىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مەسچىتكە ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ رامىزان كۈنلىرى ئىدى. روزا تۇتۇش پىكرى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئىسلام دىنىنىڭ قەلبىمگە ئەڭ يېقىملىقى، ئىسلام پرىنسىپلىرى ئادالەتنى بەرپا قىلىپ، زۇلۇم ۋە ئايرىمچىلىققا قارشى تۇرىدىغانلىقى مېنى قايىل قىلغان بولسىمۇ، دىنىمنى دەرھال ئۆزگەرتىشتە تەرەددۇت قىلىپ قالدىم. بىزنىڭ نيويوركتىكى ھاياتىمىزدا ھەر كۈنى ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىنچىلىقىمىز مۇشۇ ئادالەتسىزلىك بىلەن ئايرىمچىلىق ئىدى.

مەن مۇسۇلمان بولۇشتىن ئاۋۋال روزا تۇتۇشقا باشلىدىم. ئىپتاردا خورما، مېۋە ۋە خام كۆكتات يېدىم. تاماقنى سوھۇردا يېدىم. ھازىر ئاللاھقا شۈكۈر ناھايىتى تېز يۈگۈرەلەيدىغان بولدۇم. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تارتىپ كېلىۋاتقان ئاغرىقلىرىم تۈگىدى. ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئەڭ لايىق يولى، پۈتۈنلەي قايىل بولغاندىن كېيىن ئىسلامغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرىپ مۇسۇلمان بولۇش ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

## روزا تۇتۇش ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈردۇر:

ئىلمىي تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالدىدا، روزىنىڭ ھاياتلىقنىڭ مۇھىم زۆرۈرەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك قالمىدى. چۈنكى تارىخىي، دىنىي ۋە ئىلمىي ھەقىقەتلەر بۇنى ئىسپاتلىدى. ئىنسان بۇ دۇنياغا كەلگەن تارىختىن باشلاپ روزا تۇتۇپ كەلگەندۇر. پۈتۈن ساماۋى دىنلاردا روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغاندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەي مۇئمىنلەر! خۇددى سىلەردىن ئاۋۋال ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغىنىدەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى.»[①]

ھەقىقەت شۇكى، يالغۇز ئىنسانلار روزا تۇتمايدۇ، بەلكى تەبىئەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كەشىپ قىلىشىچە، دۇنيادىكى پۈتكۈل جانلىقلار روزا تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا غىزالىنىدىغان نەرسىلىرى تولۇپ تاشسىمۇ ئۇلار يەنە روزا تۇتىدۇ. ھايۋاناتلار ھەر يىلى بىر نەچچە كۈن، بەزىدە بىر نەچچە ئاي روزا تۇتىدۇ. ئۇۋۇلىرىغا كىرىپ، تاماق يېمەي، ھەرىكەت قىلماي ياتىدۇ. ئۇچارلىقلار، بېلىقلار ۋە ھاشارەتلەر ھەممىسى روزا تۇتىدۇ.

ھەممىدىن مۇھىمى ھەزىم ئورگانلىرى روزا ئەسناسىدا راھەت ئېلىپ، ئۆزىنى رېمونت قىلىۋالىدۇ ۋە ئەسلىدىكى كۈچىگە كېلىدۇ. شۇنىڭدەك تاماقنىڭ ئازىيىشى، تاماق ئارتۇقلىرىنى سىرتقا چىقىرىدىغان ئورگانلارغا ئارام ئېلىش ۋە ئۆزىنى يېڭىلاپ، ئاجىزلاشقان يەرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىت بېرىدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن روزا ئىچ ئورگانلارنىڭ ئۆزىنى يېڭىلىۋېلىشى ۋە يوقاتقان كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئالتۇن پۇرسەتتۇر.

پروفېسسور نىكولايېۋ بىلوينىڭ 1976-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «سالامەتلىك ئۈچۈن ئاچلىق» ناملىق كىتابىدا: «پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەردە ياشايدىغانلارنىڭ ھاياتى بويىچە سالامەتلىكتىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاش ئۈچۈن ھەر يىلى 3-4 ھەپتە روزا تۇتۇپ، تاماقتىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك» دەيدۇ.

ئامېرىكىلىق سەھىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن دوكتۇر مايك فادون مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان كېسەل بولمىغان تەقدىردىمۇ روزا تۇتۇشقا موھتاج. چۈنكى تاماقنىڭ زەھەرلىك ئارتۇقلىرى بەدەندە توپلىنىپ، ئادەمنى كېسەلگە ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ، ئادەمنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ ۋە ھەرىكىتىنى ئازايتىپ پاسسىپ ھالغا كەلتۈرىدۇ. روزا تۇتسا كىلوسى تۆۋەنلەيدۇ، بەدىنىدە توپلىنىپ قالغان زەھەرلىك ماددىلار ئېرىپ تۈگەيدۇ، بەدىنى پۈتۈنلەي تازىلىنىدۇ. ھۈجەيرىلىرى يېڭىلىنىدۇ، ئۆزىنى بۇرۇن كۆرمىگەن دەرىجىدە پائال ۋە كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ.»

مايك فادون يېنىغا كەلگەن كېسەللەرنى

---

[①] سۈرە بەقەرە: 183-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇپمۇ ئاشقازان كېسەللىرىنى روزا ئارقىلىق داۋالايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «روزا ئاشقازان كېسىلى ئۈچۈن سېھىرلىك تاياققا ئوخشايدۇ. كېسەلنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ. قان، تومۇر ۋە رېماتىزم كېسەللىرىگىمۇ روزا ناھايىتى پايدىلىق.»

مېدىتسىنادا دۇنيا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دوكتۇر ئالېكسىس كارېل «ئىنسان نامەلۇم نەرسە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ قېتىم تاماق يېيىش ئىچ ئورگانلارنى ئاز تاماققا كۆرە ھەرىكەت قىلىش رولىنى ئادا قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار تارىخ بويىچە روزا تۇتۇپ كەلمەكتە. پۈتكۈل دىنلار ئىنسانىنى مەلۇم مۇددەت روزا تۇتۇش ۋە تاماقتىن مەھرۇم بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. روزا تۇتقاندا باشتا ئاچلىق ھېس قىلىش ۋە بەزىدە نېرۋىنى قوزغاش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. كېيىن بۇ ھېسسىياتلار ئاجىزلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەخپىي ئەمما ناھايىتى مۇھىم ئىشلار جارى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ جىگەردىكى شېكەر ھەرىكەتكە كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تېرىنىڭ ئاستىدا ساقلىنىپ قالغان مايلارمۇ ھەرىكەتكە كېلىدۇ. پۈتكۈل ئورگانلار يۈرەكنىڭ سالامەتلىكى ۋە مۇكەممەل ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۆزىدىكى ماددىلارنى ئىشلىتىشكە باشلايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا روزا ئىچ ئورگانلارنى تازىلايدۇ ۋە يېڭى ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.»

كارېلنىڭ تەۋسىيە قىلغان روزىسى پۈتۈنلەي ئىسلامدىكى روزىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ غىزالىنىش ۋاقىتلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە غىزانىڭ مىقدارىنى كېمەيتىدۇ.

مىچىل ئانگىلودىن ئاتمىش ياشتىن ئاشقان تۇرۇقلۇق سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ۋە ناھايىتى ھەرىكەتچان بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ: «مېنىڭ سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمنى ساقلاپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى پات-پات روزا تۇتۇشۇمدۇر» دېگەن.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بىر كۈنلۈك روزىنىڭ بەدەننى ئون كۈنلۈك تاماق ئارتۇقلىرىدىن تازىلايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭغا كۆرە بىر ئاي روزا تۇتۇش بەدەننى ئەڭ ئاز ئون ئايلىق توپلىنىپ قالغان زەھەرلەردىن تازىلايدۇ. مانا بۇ يەردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان روزىسى تۈگىگەندىن كېيىن، شەۋۋال ئېيىدىن 6 كۈن روزا تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىشىنىڭ ھېكمىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

يەنى 30 كۈن روزا بەدەننى 300 كۈنلۈك توپلىنىپ قالغان زەھەرلەردىن تازىلىسا، ئۇنىڭغا قوشۇپ تۇتۇلغان 6 كۈنلۈك روزا قالغان 60 كۈنلۈك زەھەردىن تازىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەدەن بىر يىللىق توپلىنىپ قالغان زىيادە ۋە زەھەرلىك ماددىلاردىن پۈتۈنلەي تازىلانغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئاندىن شەۋۋال ئېيىدىن يەنە 6 كۈن قوشۇپ روزا تۇتسا، پۈتۈن يىل روزا

تۇتقاندەك بولىدۇ». [1]

دوكتور ئىبراھىم راۋى روزىنىڭ ئىنساندىكى پىكىر قىلىش قۇدرىتىگە بولغان پايدىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «روزا مېڭىنىڭ ھۈجەيرىلىرىنى ھەركەتكە كەلتۈرىدۇ. روزا ئەسناسىدا تاماق ھەزىم قىلىدىغان ئورگان ئارام ئالغانلىقى ئۈچۈن، مېڭىنىڭ تومۇرلىرىغا مول قان بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ كەم قالغان ئوزۇقلىرى تولۇقلىنىدۇ ۋە مىگە تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيدىغان بولىدۇ. ئىنسان مېڭىسىدە 15 مىڭ مىليون ھۈجەيرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پىكىر قىلىش ۋە چىگىش-قىيىن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئويلاپ ھەل قىلىش قابىلىيىتى بەرگەن. بۇ قابىلىيەتلەر مېڭىنىڭ تومۇرلىرىغا قاننىڭ كۆپ كېلىشى بىلەن كۈچىيىدۇ».

ئەقلىلىق دانىشمەنلەرنىڭ مېڭىسىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن پات-پات روزا تۇتىدىغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

دېمەك، روزا تۇتۇشنىڭ مۇشۇنداق ھاياتىي پايدىلىرى بار.

ئىنساندا ياشىغان مۇھىتنىڭ ئىسسىق-سوغۇق ۋە يۇقىرى-تۆۋەن ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايدىغان، ئاچلىق ۋە سۇسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچ-قۇۋۋەت بار. قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ كۈنىمىزگە قەدەر روزىنىڭ تۈرلىرى داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ كەلمەكتە. روزىنىڭ تۇتۇلۇش شەكلى ۋە مۇددىتى دىنلارغا كۆرە ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن: يېمەك-ئىچمەكتىن ئۆزىنى تۇتۇش روزىسى، بەزى كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش روزىسى ياكى بەزى تاماقلاردىن يىراق تۇرۇش روزىسىغا ئوخشاش شەكىللەردە بولسىمۇ، ھەممىسى روزىدۇر.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدىكى پادىشاھ فەھەد دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى دوكتور بەركات مۇھەممەد سالامى، ئىسلامىي تەتقىقاتچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك مېدىتسىنا مەركەزلىرىدە، روزىنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە خەلقئارالىق نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، نەتىجىدە روزىنىڭ بەدەنگە ۋە ئىچ ئورگانلارنىڭ ياخشى ئىشلىشىگە ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكى قەتئىي ئىسپاتلانغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئەنە شۇ تەتقىقاتلاردىن بىرى "گاسترونترول كلىن" ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاشقازان كېسىلى بولغانلارنىڭ سوھور ۋە ئىپتاردا ئاشقازاندىكى ئاچچىق سۇنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسىنى يەپ بەرگەندە، روزىنىڭ ئاشقازان كېسىلىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

غىزالىنىش ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ 41-ساندا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتىدىغان روزىسى خولېسترولنى ئازايتىدۇ، قاندىكى ماي نىسبىتىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ماي نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى



www.uyghurkitap.com

2000 - يىلى «ياۋروپا غزالىنىش» تەتقىقات ژۇرنىلى كۈۋەيتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، روزىنىڭ خولىسترولىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن دەرتلىنىدىغان كىشىلەرگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ۋە مەيدىنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق سۇ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقىنى كەشپ قىلغان.

يەنە ياۋروپادا نەشر قىلىنىدىغان «ئىچ ئورگانلارنىڭ ۋەزىپىسى» ناملىق تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ 73 - سانىدا ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماقالىسىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: روزا تومۇردىكى قان ئايلىنىشنى ئازايتىدۇ. بۇ بولسا يۈرەكنىڭ قاتتىق سوقۇپ كېتىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. چۈنكى قان ھەرىكىتىنىڭ قاتتىق تېزلاپ كېتىشى مېڭىگە قان چۈشۈش ۋە يۈرەك توختاپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نەتىجىلەر تومۇر قېتىش كېسەللىكىگە دۇچار بولغانلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر.

دوكتور بەركات سالامي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: روزا بەدەندە توپلىشىپ قالغان زەھەرلەرنى سىرتقا چىقىرىش، قاننى تازىلاش، ھېس - تۇيغۇلارنى جىلالاش، ھەزىم ئورگانلىرىنى ياخشىلاش، بەدەندىكى ئۆلۈك ۋە ئاجىز ھۈجەيرىلەرنى ئىمىپ، ئورنىغا يېڭىلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىنساننى جىسماني ۋە پسىخىكي كېسەللىكلەردىن ساقلايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا روزا بەدەننى ياشلىق ۋە جانلىق ھالىغا قايتۇرىدۇ.

روزا يەنە قەي قىلىش، ئىسھال، تېمپىراتۇرانىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە ئوخشاش كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەك پايدىلىقتۇر. چۈنكى روزا ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە ئارام ئېلىش ۋە ئۆزىنى يېڭىلىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. بەدەننى ھەر خىل مىكروبلارغا قارشى مۇداپىئە قىلىدىغان جىھازلار كۈچىيىدۇ.

روزا يەنە نەپەس سىقىلىش، كۆك يۆتەل، نەپەس نەيچىسى ياللۇغى، بەزى يۈرەك كېسەللىكلىرى، رېماتىزم، بوغۇم ئاغرىقلىرى، دانىخورەك، خولىسترولىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، تاماق ھەزىم قىلالماسلىق، قەن سىيىش، بۇرۇن ئىلتىھابلىرى، سېمىزلىك ۋە سېمىزلىكتىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر قاتارلىق كۆپلىگەن كېسەللىكلەرگە شىپالىق دورىدۇر.

بۇلار بىلىم ئەربابى، مۇتەخەسسىس ئالىملار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى ھەقىقەتلەردۇر. كەلگۈسى ئۆلىمالار روزىنىڭ يەنە سالامەتلىككە بولغان باشقا پايدىلىرىنى كەشپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىلىم تەرەققىي قىلغانسېرى ئاللاھ تالانىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىنىڭ ھېكمەت ۋە پايدىلىرى تېخىمۇ كۆپ كەشپ قىلىنىدۇ ۋە ھەقىقەتلەر تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

تەتقىقاتچىلار ئىنتىپاقلاشقان ھەقىقەت شۇكى، بەدەندە ساقلىنىپ تۇرىدىغان ۋە بەدەن ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋىتامىنلار ۋە باشقا ماددىلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلمەي تۇرۇپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇ ماددىلار ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا كۈچىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ

www.uyghurkitap.com

ماددىلارنى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ئاۋۋال ساقلانغان ئامبىرىدىن چىقىرىش لازىم. بۇنىڭ روزىدىن باشقا يولى يوق. بەدەن روزا ئارقىلىق مەزكۇر ساقلىنىپ قالغان ماددىلارنى ئۆزىنىڭ ئامبىرىدىن چىقىرىپ سەرپ قىلىدۇ، ئىپتاردىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىسى كېلىدۇ.

بۈيۈك مۇتەخەسسىس ئالىن سەۋرى، روزىنىڭ قىممىتىنى ئىزاھلاپ، روزىنىڭ بەدەننى جانلىق ۋە پائالىيەتچان ھالغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ھەتتا يېشى يەتمىشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ روزا تۇتۇش ئارقىلىق جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئەسلىدىكى پائالىيەتچانلىقىغا قايتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بەنزىسىنىڭ بۇرۇنقى سانائەت ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قايتىدىن باشلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

گېپىنىڭ خۇلاسىسى: روزا بەدەنگە سالامەتلىك، جانغا راھەت ۋە كۆڭۈلگە ئارام بەخش ئېتىدۇ. روزىنىڭ پايدىلىرى تۆۋەندىكى تەلىماتلارنى يۈزدە يۈز ئىجرا قىلغاندا ئاندىن مەيدانغا چىقىدۇ:

1 ـ روزا جەريانىدا ھەرىكەت قىلىش. چۈنكى روزا بىلەن ھەرىكەت بەدەننى توپلىنىپ قالغان زەھەرلىك ماددىلاردىن خالاس قىلىدۇ.

2 ـ سۇ ئىچمەسلىك ياكى سۇنى ئاز ئىچىش. چۈنكى بەدەنگە سىرتتىن كىرىدىغان سۇيۇقلۇق ئازايغاندا، قاننىڭ ئايلىنىشى ئاكتىپ ھالغا كېلىپ، بەدەندە ساقلىنىپ قالغان سۇيۇقلۇقلارنى سەرپ قىلىدۇ.

3 ـ ئىپتار ۋە سوھۇردا تاماقنى ئاز يېيىش. چۈنكى تاماقنى ئاز يېيىش سېمىزلىكتىن قۇتۇلۇش ۋە بەدەندە توپلىنىپ قالغان مايلارنى ئېرىتىش ئۈچۈن پۇرسەتتۇر.

4 ـ ئىپتاردا خورما يېيىش. چۈنكى خورما بەدەنگە ئېنېرگىيە بېرىدۇ ۋە ئاسان سىڭىپ كېتىدۇ. خورمىدا يۇقىرى سەۋىيىدە گلىكوز ۋە ئۈچەيلەرنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كېلىدىغان تاماقلارنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلايدىغان شېكەر ماددىلىرى بار.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئاللاھ تائالا بىزگە بۇيرۇغان ئۇلۇغ رامزان روزىسىنىڭ ھېسابسىز پايدىلىرىدىن پەقەت تەن سالامەتلىككە بولغان بەزى پايدىلىرىنى سىلەرگە تەقدىم قىلدۇق. ئىنشائاللاھ تەلەپكە لايىق روزا تۇتۇپ، ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پايدىلىرىدىن بەھرىمەن بولغاندىمىز.

ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللاھ تۇتقان روزىلىرىمىزنى ۋە باشقا ئىبادەتلىرىمىزنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن. تەۋبىلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن. بىزنى بۇ ئۇلۇغ ئايدا جەھەننەمدىن ئازات قىلىنغان بەختلىك مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئاتا ـ ئانىمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز ۋە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە لايىق قىلسۇن. باللىرىمىزغا ئىنساپ ـ تەۋپىق ئاتا قىلىپ، ياخشى تەربىيە، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن بېزىسۇن. رامزاندىن كېيىنمۇ خۇددى رامزاندا بولغاندەك ياخشىلىق بىلەن ياشاش ئۈچۈن بىزگە يار ـ يۆلەك بولسۇن. ئامىن!




### بىدئەت ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنى چۈشىنىش ۋە فۇقەھالارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

قۇرئان كەرىمدە بىدئەت ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر ئىككى ئىشقا ئىشارەت قىلىدۇ: بىرى دىنىنىڭ مۇكەممەللىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە بىدئەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش. يەنە بىرى دىنىدا ئۇنىڭ ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق يېڭىلىق پەيدا قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىمۇ بىر تەرەپتىن ھەرقانداق بىدئەتنىڭ سەييىئە ۋە زالالەت بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلارنى «بىدئەتى ھەسەنە ۋە بىدئەتى سەييىئە» دەپ ئىككىگە ئايرىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى تەپسىلىي بايان قىلايلى:

### بىدئەت ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنى چۈشىنىش:

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم ۋە ئىسلامنىڭ سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشىنى تاللىدىم.»[1]

«ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى قۇرئانغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ دىللىرىڭلارنى بىرلەشتۈردى. ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار.»[2]

«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار. ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. (دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.»[3]

---

[1] سۈرە مائىدە: 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئالى ئىمران: 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنئام: 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەققەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.»[1]

«پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا قاتتىق بىر ئازاپقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.»[2]

«روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار. ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇ كۈندە بەزى يۈزلەر ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر قارىيىدۇ. يۈزلىرى قارايغانلارغا: ‹ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار› دېيىلىدۇ.»[3]

«سىلەر دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە-پىرقە بولسۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشاللىنىدىغانلاردىن بولماڭلار.»[4]

«دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا-جۇدا سەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. كېيىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزگە ئېيتىپ بېرىدۇ.»[5]

## بۇ ئايىتى كەرىمەلەرنى چۈشىنىش:

بۇ ئايىتى كەرىمىلەر ئومۇميۈزلۈك دىنىنىڭ كامىل ۋە مۇكەممەل بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ؛ دىندا بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولىدىغان ۋە توغرا يولدىن چىقىرىدىغان بىدئەتلەرنى سۆكىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا دىنىنى كامىل قىلىپ بەرگەنلىكىنى ۋە نېمىتىنى تولۇقلاپ بەرگەنلىكىنى؛ ئىككىنچى ئايەتتە ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىشنى، بۆلۈنمەسلىكنى بۇنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسلىرىگە چىڭ ئېسىلىپ ئەمەل قىلىش بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى ئايەتتە ئاللاھنىڭ يولى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يولى بولغان «سىراتۇل مۇستەقىم» گە ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قۇرئان ۋە ھەدىسكە خىلاپ يوللارغا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ يوللار بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. تۆتىنچى ئايەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بەشىنچى ئايەتتە بىزنى دىندا بۆلۈنۈشتىن مەنئى قىلىدۇ، قىيامەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇ كۈندە ئەھلى سۈننەتنىڭ يۈزلىرى ئاق ۋە ئەھلى بىدئەت ۋە ئازغۇنلارنىڭ يۈزلىرى قارا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئالتىنچى ئايەتتە بىدئەت ئەھلىنى بىدئەت ئەھلىنىڭ دىندا بۆلۈنۈپ پىرقىلەرگە ئايرىلغانلىقىنى ۋە ھەر پىرقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باتىل پىكىرلىرى بىلەن خۇشال بولۇپ ماختىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. يەتتىنچى ئايەت ئەھلى بىدئەت ۋە ئازغۇنلاردىن ئادا جۇدا بولۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش

---

[1] سۈرە ھەشر 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نۇر: 63-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئالى ئىمران: 105 ۋە 106-ئايەتلەر.
[4] سۈرە رۇم: 32-ئايەت.
[5] سۈرە ئەنئام: 159-ئايەت.

بىرىپ، رەسۇلۇللاھقا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «سەن ئادا ـ جۇدا سەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. كېيىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىدۇ.»

مانا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دىندا بىدئەت چىقىرىشتىن توسىدۇ. لېكىن بۇ توسۇشنىڭ قائىدىلىرىنى چۈشىنىشىمىز ۋە بۇ ئايەتلەرگە ئالاقىلىق ئۆلىمالەرگە رىئايە قىلىشىمىز لازىم. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ شۇنىڭغا چىن ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنى مۇكەممەل دىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىناسىنى پۇختا ۋە مۇكەممەل قىلغان. ئىنسانلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشتۇر. ھاپىز ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۇممەتكە بەرگەن ئەڭ چوڭ نېمىتى ئۇنىڭ دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ بېرىشى بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن باشقا بىر دىنغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر پەيغەمبەرگە مۇھتاج بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى قىلدى ۋە ئۇنى پۈتكۈل ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ھالال قىلغىنىدىن باشقا ھالال، ئۇنىڭ ھارام قىلغىنىدىن باشقا ھارام ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا شەرىئەت يوقتۇر.»[1] شۇڭلاشقا شەرىئەتنىڭ ئەسلىدىن بولمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەرقانداق بىر يېڭىلىقنى پەيدا قىلىش، بىدئەتى سەييىئە ۋە ئازغۇنلۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش لازىم.

2 ـ «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم» دېگەن ئايەتنى قۇرئاندىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرى دىنىنىڭ چوڭ ـ كىچىك پۈتكۈل مەسىلىلىرىنى بايان قىلغان دەپ چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئەھلى سۈننەت فۇقەھالىرى ئىتتىپاقلاشقان مەسىلە شۇكى، قۇرئان ۋە ھەدىس تېكىستلىرى مەسىلىلەرنىڭ ئاساسىنى، ھۆكۈم چىقىرىش يوللىرىنى ۋە كۆپلىگەن جۇزئىي مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجمادىن كېيىن قىياسنى ئىجتىھاد ئاساسى قىلغان. ئەھلى ئىلىملەر قۇرئان ۋە ھەدىس تېكىستلىرىدىن بۇ ئىككى مەنبەنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ھۆكۈملەرنى چىقىرىشى لازىم. بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدۇر: «ئاللاھ پەرزلەرنى پەرز قىلدى... ۋە نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئۇنتۇغانلىقتىن ئەمەس، سىلەرگە رەھمەت قىلغانلىقتىن بايان قىلمىدى».[2]

3 ـ بۇ ئايەتنىڭ توغرا مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ دىنىنىڭ قائىدىلىرى، ئاساسلىرى ۋە پىرىنسىپلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا يېڭى پەيدا بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە شەرئىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىش ئىشىنى بۇ ئۇممەتنىڭ مۇجتەھىد فۇقەھالىرىغا قالدۇرغان.

---

[1] تەپسىرى ئىبنى كەسىر: 2 ـ توم، 19 ـ بەت.

[2] ئىمام نەۋەۋى «قىرىق ھەدىس» كىتابىدا بۇ ھەدىسنى ھەسەن ھەدىس دېگەن.

ئەنۋەر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4 ـ كىمكى دىندا يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ئاللاھنىڭ دىنىدا بىرەر ئاساسقا تايانمىغانلىرىنى «زالالەت بىدئەت» دېيىش ئۈچۈن بۇ ئايەتنى دەلىل قىلسا توغرا قىلغان بولىدۇ. كىمكى دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىگە تايانغان تەقدىردىمۇ، يېڭى پەيدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى «زالالەت بىدئەت» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، بۇ ئايەتنى ئۇنىڭغا دەلىل قىلسا خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدىن ھېچقانداق بىر ئاساسقا تايانمىغان ئىشلارنىڭ «زالالەت بىدئەت» ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزدا ئۇنىڭدىن بولمىغان بىر نەرسىنى پەيدا قىلىدىكەن ئۇ رەت قىلىنىدۇ».[1]

ئىبنى رەجەب مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى دىنىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلى رۇخسەت بەرمىگەن بىر نەرسىنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ ئىشنىڭ دىندا ئورنى يوقتۇر».[2]

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس ئىسلامنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرىدىن بىر قائىدە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: ‹كىمكى دىنىدا ئۇنىڭ ئاساسلىرىدىن ھېچبىر ئاساسقا تايانمايدىغان بىر نەرسىنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ›.»[3]

مەن دەيمەنكى: بۇ ھەدىسى شەرىپتىن بىدئەتنىڭ ئىككى شەرتى چىقىدۇ: بىرى، يېڭى پەيدا قىلىنغان نەرسىنىڭ دىنغا مەنسۇپ قىلىنىشى (يەنى ئىبادەت بولۇشى). يەنە بىرى ئۇ ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىدا ھېچقانداق بىر ئاساسى بولماسلىقى. بۇ ھەدىس مۇشۇنىڭغا ھۆججەتتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «كىمكى بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزدا بىر نەرسە پەيدا قىلسا» دېگەن سۆزى بىدئەتنىڭ بىرىنچى شەرتىگە دالالەت قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، يېڭى پەيدا قىلىنغان نەرسىنىڭ دىنغا مەنسۇپ قىلىنىشى. «ئۇنىڭدىن بولمىغان» دېگەن سۆزى بىدئەتنىڭ ئىككىنچى شەرتىگە دالالەت قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۇ نەرسىنىڭ دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن ھېچقانداق بىر ئاساسقا تايانماسلىقى. «ئۇ رەت قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزى، ئەنە شۇ ئىككى شەرت توشقان ئىشنىڭ زالالەت بىدئەت بولغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

5 ـ ئىمام شاتىبى «ئەل ئىئتىسام» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان ئىمام مالىكنىڭ سۆزىنى توغرا چۈشىنىش. ئىبنى ماجشۇن مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ: «كىمكى ئىسلامدا بىر بىدئەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى «ھەسەنە (ياخشى)» دەپ قارىسا، رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە خىيانەت قىلدى، دەپ تۆھمەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم» دېدى. مۇشۇ ئايەت چۈشكەندە دىندىن سانالمىغان

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] جامع العلوم والحكم: 81 ـ بەت.

[3] فتح الباري.

نەرسە بۇگۈنمۇ ئۇنىڭدىن سانالمايدۇ.»[1]

ئەگەر ئىمام مالىك ـ رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ـ نىڭ بۇ سۆزى سەھىھ بولسا، ئۇنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: كىمكى ئىسلامدا ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىرەر ئاساسى يوق بىر بىدئەتنى پەيدا قىلىپ، بۇ ياخشى ئىش دەپ قارىسا، رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە خىيانەت قىلدى، دەپ تۆھمەت قىلغان بولىدۇ.

يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلارنى سۆكىدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى خاۋارىج، شىئە، مۇرجىئەلەرگە ئوخشاش ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئېلىپ بارىدىغان زالالەت بىدئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار. ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇ كۈندە بەزى يۈزلەر ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر قارىيىدۇ. يۈزلىرى قارايغانلارغا: ‹ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار› دېيىلىدۇ.»[2]

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۈممەتنى بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە ئوخشاش ئىختىلاپلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشتىن توسىدۇ... ئاللاھ تائالانىڭ «بەزى يۈزلەر ئاقىرىدىغان ۋە بەزى يۈزلەر قارىيىدىغان كۈن» دېگىنى قىيامەت كۈنى بولۇپ، ئەھلى سۈننەتنىڭ يۈزى ئاق بولىدۇ، ئەھلى بىدئەت ۋە باشقا ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ يۈزى قارا بولىدۇ. بۇنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شۇنداق دېگەن.» يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەردىن مەقسەد، ئەھلى سۈننەتنىڭ يولىغا خىلاپ بولغان ۋە باشقا ئازغۇن پىرقىلەرگە ئوخشاش بولغان بىدئەتلەردۇر.

## دىندا دىنىنىڭ ئاساسىغا ئۇيغۇن يېڭىلىق پەيدا قىلىشنىڭ جائىزلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بەكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ پەيدا قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.»[3]

بۇ ئايەتتىكى«رەھبانىيەت»[4] مۇنداق

---

[1] الإعتصام للشاطبي: 46 ـ 65 ـ بەتلەر.

[2] سۈرە ئالى ئىمران: 105 ۋە 106 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ھەدىد: 27 ـ ئايەت.

[4] رەھبانىيەت: خىرىستىيان پەيدا قىلغان بىر تەسەۋۋۇر ۋە ھايات تەرزىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ قاتتىق ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ، ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر بۇنداق كېتىۋەرسە مۇئمىنلەر تۈگەپ ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان

uyghurkitap.com

بايان قىلىندۇ: رۇھبانلار (خرىستىيان دىن ئادەملىرى) بۇرۇن ئۆزلىرىگە پەرز بولمىغان يېڭى ئىشلارنى پەيدا قىلىپ، ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇ ئىشلارنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بىدئەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى چىڭ تۇتۇشنى بۇيرىدى. بۇ يەرگىچە پۈتۈن مۇپەسسىرلەر ئىتتىپاق. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ ئايەت دىنىدا پەيدا قىلىنغان بۇ بىدئەتلەرنى ئازغۇنلۇق دەپ سۆكەمدۇ ياكى ئۇنى جائىز دەمدۇ ۋە ياكى ئۇنى ماختامدۇ؟ دېگەندە ئىختىلاپلاشتى. يەنى بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ رۇھبانلارنىڭ پەيدا قىلغان بىدئەتلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ ئۇ ئىشلارنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى سۆككەنلىكىنى بايان قىلامدۇ؟ ياكى بۇ ئايەت ئۇ بىدئەتلەرنى سۆكمەستىن ۋە مەدھىيلىمەستىن، پەقەتلا ئۇلارنىڭ دىنىدا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلمىغانلارنى سۆكەمدۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆزلىرىگە چىڭ تۇتۇۋالغانلىقىغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭمۇ ئۇلارغا دىنىنى چىڭ تۇتقانلىقىغا ئىشارەت قىلامدۇ؟

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ ئىككى جەھەتتىن سۆكۈش مەنىسىدە ئىكەنلىكى ئېھتىمال: بىرى دىنىدا بىدئەت پەيدا قىلىش. يەنە بىرى ئۆزىگە ئۆزى يۈكلىۋالغان ئىشقا ۋاپا قىلماسلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: ‹رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى› يەنى خرىستىيان ئۈممىتى ئۆزلىرى رەھبانىيەت پەيدا قىلدى. ‹ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق› يەنى ئۇلارغا رەھبانىيەتنى بىز بۇيرۇمىدۇق، بەلكى ئۆزلىرى پەيدا قىلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى. ‹ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ پەيدا قىلدى› بۇ جۈملىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرى: ئۇلار ئۇ رەھبانىيەتنى چىقىرىشتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلدى. بۇ سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە قەتادەنىڭ تەپسىرى. يەنە بىرى: بىز ئۇلارغا ئۇ رەھبانىيەتنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى تىلەش ئۈچۈن پەرز قىلدۇق. ‹لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى› يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە پەرز قىلىۋالغان ئىشقا لايىقىدا ئەمەل قىلمىدى. بۇنىڭدا ئۇلارنى ئىككى جەھەتتىن سۆكۈش بار: بىرى: ئاللاھنىڭ دىنىدا ئاللاھ بۇيرۇمىغان نەرسىنى پەيدا قىلىش. يەنە بىرى: ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، دەپ پەيدا قىلىپ ئۆزلىرىگە يۈكلىۋالغان ئىشنى چىڭ تۇتۇپ

---

كىشى قالمايدۇ، دەپ ئۇرۇش قىلماسلىقنى ۋە پەقەت ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى قارار قىلغان. بۇ شەكىلدە پىتنىدىن قېچىپ دىنىدا سەممىي تۇرغان بۇ كىشىلەر دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، كۆپ يەپ ـ ئىچمەيدىغان، ئۆيلەنمەيدىغان، تاغلارنىڭ ئۆڭكۈرلىرىدە، ھوجرىلاردا ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان تەركىدۇنيالىقنى پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرى چىقارغان بۇ رەھبانىيەتكە رىئايە قىلماي ھۆكۈمدارلارنىڭ دىنىغا كىرىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا تاندى.

ئەمەل قىلماسلىق.»①

بۇ ئايەتنى ئىبنى كەسىرنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بىدئەتنى قوبۇل قىلغانلىقنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلارنى سۆككەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ چۈشەنگەن مۇپەسسىرلەر بار. ئىمام قۇرتۇبى، ئىبنىل ئەسىر ۋە رازى ئەنە شۇ مۇپەسسىرلەردىندۇر. ئىمام قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، بىز ئۇلارغا پەرز قىلمىغان رەھبانىيەتنى پەيدا قىلدى...› يەنى سالىھ بەندىلەر ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن رەھبانىيەتنى ئۆزلىرىگە پەرز قىلدى، لېكىن كېيىنكىلەر ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا ئەمەل قىلمىدى. ‹بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقانلارغا ئەجرىنى بەردۇق› يەنى ئۇ راھبانىيەتنى پەيدا قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان سالىھلارغا مۇكاپاتلىرىنى بەردۇق. ‹ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىرى پاسىق ئىدى› يەنى كېيىنكىلەر بۇرۇنقىلار پەيدا قىلغان بىدئەتكە ئەمەل قىلماي پاسىقلاردىن بولدى... بۇ ئايەت ھەر قانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان نەرسىنىڭ بىدئەت ئىكەنلىكىگە، بىر ياخشى بىدئەتنى پەيدا قىلغان كىشىنىڭ داۋاملىق ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەكلىكىگە، ئەگەر ئۇنى ئەمەل قىلماي تاشلىۋەتسە، مۇشۇ ئايەتتە ئەيىبلەنگەنلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئەبۇ ئۇمامە ئەل باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ‹سىلەر رامزاندا تەراۋىھ ئوقۇيدىغان ئىشنى پەيدا قىلدىڭلار، ھالبۇكى ئۇ سىلەرگە پەرز قىلىنمىغان ئىدى؛ سىلەرگە پەقەت روزا تۇتۇشلا پەرز قىلىنغان ئىدى. ئەمدى بۇ نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، ئۇنى تەرك ئەتمەڭلار، چۈنكى ئۇنى ئۆزەڭلار پەيدا قىلدىڭلار. چۈنكى بەنى ئىسرائىلدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئاللاھ ئۇلارغا پەرز قىلمىغان بىر بىدئەتنى پەيدا قىلدى؛ كېيىن ئۇنىڭغا ھەققى رەۋىشتە ئەمەل قىلمىدى›.»②

ئەللامە ئالۇسى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە بىدئەتنى مۇتلەق سۆكىدىغان دەلىل يوق. بۇ ئايەت ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان ئىشنى داۋاملاشتۇرماي تەرك ئەتكەنلەرنى ئەيىبلەيدۇ.»

مۇپەسسىر تاھىر ئىبنى ئاشۇر «التحرير والتنوير» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن رەھبانىيەتنى پەيدا قىلدى، بىز ئۇنى ئۇلارغا بۇيرىمىغان ئىدۇق. لېكىن ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئۇنى پەيدا قىلدى. شۇڭا ئاللاھ ئۇنى ئۇلاردىن قوبۇل قىلدى. چۈنكى بۇ ھېكايىنىڭ بايان قىلىنىش تەرزى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشنى ماختاشنى تەقەززا قىلىدۇ.»

ئىمام فەخرۇددىن رازى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىدئەت پەيدا قىلغانلىقنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ

①ئىبنى كەسىر تەپسىرى: سۈرە ھەدىدنىڭ 27-ئايىتى.

② تەپسىرى قۇرتۇبى: 17-توم، 264-بەت.

ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىر نەرسە پەيدا قىلىپ ئۇنى ئۆزىگە يۈكلىگەنلىكنى بايان قىلماقچى. شۇڭا (ئۇلارغا ئۇنى بىز بىكىتمىدۇق) دېدى.» مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىمام تەبەرى ۋە ئىمام بەغەۋىمۇ مۇشۇنداق تەپسىر قىلىدۇ.

بۇ ئايىتى كەرىمەنى بىدئەتنى «بىدئەتى ھەسەنە ۋە بىدئەتى سەييىئە» دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىيدىغان ئۆلىمالار ئۆزلىرىگە دەلىل قىلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭىلىقلار «بىدئەتى ھەسەنە»، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا خىلاپ بولغان يېڭىلىقلار «بىدئتى سەييىئە» دۇر. ئايەتنى ئوبدان تەپەككۇر قىلىپ چۈشەنگىنىمىزدە، رەھبانىيەتنىڭ خرىستىيانلار تەرىپىدىن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ چىقىرىلغان بىر ئىبادەت بولغانلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلارنىڭ بۇ بىدئەتنى چىقارغانلىقىغا قارشى چىقماستىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلاردىن بۇ بىدئەتنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئىشارەت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئايىتى كەرىمەدە ئۇ بىدئەتنى ئىجاد قىلغانلار سۆكۈلمەيدۇ، بەلكى ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ئىشقا ئەمەل قىلماي تاشلىۋەتكەنلەر ئەيىبلىنىدۇ. ئايەتى كەرىمەدىن يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ چىقارغان بىدئىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى؛ تەرك ئەتمەسلىكنى بۇيرۇغانلىقىنى چۈشىنىمىز. ئايىتى كەرىمەدىكى ئەيىبلەش بىدئەت چىقارغانلارغا قارىتىلماستىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي تاشلىۋەتكەنلەرگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

## «ئائىلىنىڭ ئىسمى يوق»، ئۇنداقتا قەدىر - قىممىتىچۇ؟

بېشى 25 - بەتتە

مۇسۇلمان ئايال ئالدى بىلەن بىرىنچى ئۆيى بولغان ھىجابىنى، ئاندىن ئۆيىنى قوغدايدۇ. بۇ، ئاللاھنىڭ مۇھسىنە، مۇسلىمە ئايالغا بەخش ئەتكەن لۈتپىدۇر.

شۇنداق، ھىجاب ئايالنىڭ بىرىنچى ئۆيىدۇر. ئايال يات جىنس بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورناتقاندا، «ئىنسان»لىقىنى «جىنسى»لىقىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇنى ھىجابى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە يات جىنسقا «ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت پەقەت ئىنسانىي مۇناسىۋەت» دەيدۇ.

تۇنجى ئۆي ھېسابلىنىدىغان ھىجاب مۇسۇلمان ئايال بىلەن ھەمىشە بىرگە بولىدۇ. مۇسۇلمان ئايال قەيەرگە بارسا، ئۇمۇ شۇ يەرگە بارىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن ئۇ «ئېھتىياتلىنىدىغان، قوغدالغان» ئايالدۇر. ھىجابى ئېلىپ تاشلىنىپ كوچىغا چىقىرىلغان بىر ئايال، بۇ سەۋەبتىن ئۆيى خانىۋەيران قىلىنغان بىر ئايالدۇر.

«تۇنجى ئۆيى» بولغان ھىجابىنى قوغدىيالمىغان ئايالنىڭ بولغان ئۆيىنى قوغدىشى بەسى مۇشكۈلدۇر. مانا بۇ نۇقتىدىن ھىجاب ئىناق، ئىتتىپاق بىر ئائىلىنىڭ كاپالىتىدۇر.

ھىجابنىڭ ھۆرلۈك ۋە ئەزىزلىك سىمۋولى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى، پەقەت ئەركىنلىك شوئارى بىلەن «تاۋار»غا ئايلاندۇرۇلغان ئايالنىڭ تارتىۋاتقان دەرتلىرىگە نەزەر تاشلىغان ۋاقتىڭىزدا تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيسىز.

ناۋادا ئايالLAR ھەققىدە جوقان كۆتۈرۈشكە توغرا كەلسە، قەدىر - قىممەتسىزلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىگە قارشى جوقان كۆتۈرۈش كېرەك. ئايالنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمىسا ئۇنىڭ يەنە نېمىسى قالىدۇ؟

ئايالنى قەدىر - قىممىتىدىن ئايرىپ تاشلىغانلار، ئۇنىڭغا تاۋار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

قەدىر - قىممەتسىزلەشتۈرۈش قىلمىشىغا قۇربان بولۇشنى خالىمايدىغان، دىلى سۈزۈك، سالىھە، ئەففە ئايالLIRىمىزغا ئەڭ ئالىي ئېھتىراملار بولسۇن!

(ئەزھەرىيلەر مۇنبىرىدىن ئېلىندى)




ئىسلامدا بۇيرۇلغان قانداقلا بىر ئىش بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئىبادەتتۇر. ئىسلامدا بۇيرۇلغان ھەر قانداق ئىشتا ئەلۋەتتە نۇرغۇن سىر ـ ھېكمەتلەر ۋە پايدا ـ مەنپەئەتلەر بار. بۇ پايدا ـ مەنپەئەتلەردىن ئاللاھ پايدىلانمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، قىلغان ھەربىر ياخشى ئىشىمىزدىن پەقەت بىز ئىنسانلار ئۆزىمىز پايدىلىنىمىز. ئاللاھ ھېچ نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغاندەك، ھېچقانداق بۇيرۇق ياكى چەكلىمىلەرنى بىكارغا چىقارغان ئەمەس. «ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكارغا ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[1]

بىز مۇسۇلمانلار بۇيرۇلغان ياكى چەكلەنگەن ئىشلاردىكى سىر ـ ھېكمەتلەرنى بىلسەك ـ بىلمىسەك، ئۇلارغا چوقۇم ئەمەل قىلىمىز. لېكىن بىلىپ ئەمەل قىلغانلار بىلەن بىلمەي ئەمەل قىلغانلار باراۋەر بولمايدۇ. بىلگەنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلۈك، ئەمەل قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ ئۈستۈن، ئىسلام بىلەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. شۇڭا بىز چوقۇم «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم. ھەرقانداق پەرز، ۋاجىپ ئىبادەتلەردە سىر ـ ھېكمەتلەر بولغىنىدەك، سۈننەت ۋە مۇستەھەپ چاغلىق ئەمەللەردىمۇ ئەلۋەتتە بولىدۇ. مەسىلەن: ئېغىز ۋە چىشلارنى پاكىز تۇتۇشنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرىنىڭ بارلىقى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى بۇنىڭدىن ئون تۆت ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردا ئېغىز ۋە چىشلارنى پاكىزلايدىغان مىسۋاك ئىشلىتىش ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنىغان: «ئۇممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويۇشتىن قورقمىسام، ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم»[2]

---

[1] سۈرە دۇخان 38 ـ ، 39 ـ ئايەتلەر.

[2] بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

«مىسۋاك ئېغىزنى پاكىزلايدۇ، ئاللاھنى رازى قىلىدۇ»[1] «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپلا مىسۋاك ئىشلىتەتتى»[2] «خەتنە قىلىش، خۇشبۇي قوللىنىش، مىسۋاك ئىشلىتىش، ئۆيلىنىشتىن ئىبارەت تۆت خىسلەت پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىندۇر»[3].

تەتقىقاتچى ئالىملار ئىنسان ئېغىزىنىڭ مىكروبلارنىڭ ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى، كۆپلىگەن كېسەللىكلەرنىڭ ئېغىزنى پاكىز تۇتماسلىقتىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى، ئېغىز ۋە چىشلارنى پاكىز تۇتۇشنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىز ۋە چىشلىرىنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن ئاتمىش ياشتىن ئاشقاندىمۇ، ئۇنىڭ ئورۇشتا چۈشۈپ كەتكەن چىشلىرىدىن باشقا بارلىق چىشلىرىنىڭ مارجاندەك پارقىراپ تۇرىدىغانلىقى، باشقا بىرمۇ چىشىنىڭ چۈشۈپ كەتمىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەمما ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ 40 ياشلارغا بارماستىنلا چىشلىرى چىرىشكە باشلايدۇ. بۇ بولسا، ئېغىز ۋە چىشلارنى پاكىز تۇتۇشتىن ئىبارەت بىر سۈننەتكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئىنسان ئېغىزىنى پاكىز تۇتسا، بۇ دۇنيادا پايدىسىنى ئۆزى كۆرگىنىنىڭ ئۈستىگە، قىيامەت كۈنى ئېغىز ۋە چىشلارنى پاكىز تۇتۇشتىن ئىبارەت بىر سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىسلامدا چەكلەنگەن ھەرقانداق بىر ئىش بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشمۇ ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ ئەلۋەتتە نۇرغۇن سىر-ھېكمەتلەر بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ھەقتە ئىزدەنسەك، ئەلۋەتتە ئۇنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئىسلامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق بولغان ھەرقانداق بىر ئىنسان بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئۆزى پايدىلانغانلىقنىڭ ئۈستىگە، ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھنىڭ چەكلىگەنلىرىدىن يىراق بولغانلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدۇ.

تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدىن ئاز-تولا خەۋىرىمىز بولسا كېرەك. ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىكى سىر-ھېكمەتلەرنى بىلگەن ئىنسان چەكلەنگەن ئىشلارنى پۇل خەجلەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پۇل بېرىلگەن تەقدىردىمۇ قىلمايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ھىدايەت قىلغانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ.

ئۇنداقتا، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغاندەك، ئىسلام ئۈممىتىگىمۇ پەرز قىلىنغان ۋە ئىسلامنىڭ مۇھىم بەش ئاساسىنىڭ بىرى بولغان روزا ئىبادىتىدىمۇ ئەلۋەتتە نۇرغۇن سىر-ھېكمەتلەرنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن ئىنسان ئاللاھنىڭ بۇ ئىبادەت ئارقىلىق بەندىلىرىگە كۆرسەتكەن كاتتا ئىلتىپاتىنى ۋە ئۇلارنى نۇرغۇن بەختسىزلىكلەردىن ساقلاپ قالغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىدۇ.

روزىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتتىكى سىر-ھېكمەتلەر ناھايىتى

---

[1] نەسەئى رىۋايىتى.
[2] بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] تىرمىزى رىۋايىتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ يەردە پەقەت ئىمانىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە، روزا ئىبادىتىگە بولغان قىزغىنلىقىمىزنىڭ ئېشىشىغا ۋە مۇسۇلمانلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىش تۇيغۇمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدىغان بەزى سىر-ھېكمەتلەر ئۈستىدىلا توختىلىمىز. ئۇلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1- تەقۋالىقنى يېتىلدۈرۈش. روزا تۇتقان كىشى يېنىدا يېمەك-ئىچمەكلىرى ۋە ئايالى بار تۇرۇپ، پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ يېيىش-ئىچىشتىن ۋە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ۋاز كېچىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ روزىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغانلىقىنى ۋە روزا تۇتقۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزىلا بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم باللىسىنىڭ روزىدىن باشقا بارلىق ئەمەلى ئۆزى ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ روزىسى مەن ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن»[1].

روزىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ روزا تۇتقان كىشى ئاللاھنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ بولسا جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر ھەدىسىدە خەۋەر بېرىلگەن ئېھسان مەرتىۋىسىدۇر. «ئېھسان ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر، گەرچە سەن ئۇنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئۇ ئەلۋەتتە سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[2].

شەكسىزكى بۇ، تەقۋالىق مەرتىۋىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىش ئامىللىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! تەقۋا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى»[3].

تەقۋالىق ياخشى ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش، ناچار ئىشلاردىن يىراق بولۇش، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىش قاتارلىقلار بىلەن يېتىلىدۇ. كۆزنى قاراش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە قاراشتىن، قۇلاقنى ئاڭلاش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاڭلاشتىن، تىلنى غەيۋەت-شىكايەت، سۇخەنچىلىك، يالغانچىلىق قاتارلىق ھارام قىلىنغان سۆزلەرنى سۆزلەشتىن، قورساقنى ئۆسۈم، پارىخورلۇق ۋە خىيانەت قاتارلىق ھارام يوللاردىن كەلگەن نەرسىلەرنى يېيىشتىن، پۇتنى مېڭىش ھارام قىلىنغان يوللارغا مېڭىشتىن، قولنى ھارام قىلىنغان ئىشلارغا ئۇزىتىشتىن ساقلىمىغۇچە تەقۋالىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

تەقۋالىق پەقەت روزا ئىبادىتىدىلا كۆزدە تۇتۇلغان غايە بولماستىن، بەلكى ھەرقانداق بىر ئىبادەتتە تەلەپ قىلىنغان

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] سۈرە بەقەرە 183-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



غايىدۇر. «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»[1].

تەقۋا دېگەن سۆزنىڭ بىر قانچە مەنىسى بار بولۇپ، ئاساسەن ئاللاھتىن قورقۇش دېگەن مەنىگە ئىخچاملىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن قورققان ئادەم مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا ياشايدۇ، دىن ۋە دۇنيالىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى جايىدا ئورۇندايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ يامان ئىش قىلمايدۇ. «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[2]

روزا ھەققىدە كەلگەن ئايەتنىڭ ئاخىرىنى تەقۋا سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ سىرى شۇكى، روزا ئاللاھ بىلەن روزا تۇتقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىر ۋە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ ۋىجدانىغا تاپشۇرۇلىدىغان ئىش بولۇپ، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆزىتىشكە قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۆيىزىنىڭ روزىسىنى بۇزۇۋېتەلەيدۇ. لېكىن ئۇ پەقەت ئاللاھتىن قورقۇپ ۋە ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ روزىسىنى ساقلايدۇ. بۇنىڭ بىر مەزگىل داۋام قىلىشى ئۇنىڭدا مۇشۇنداق كاتتا خىسلەتنىڭ ئۆمۈر بويى داۋاملىشىشىنى يېتىلدۈرىدۇ.

ھەرقانچە پۇختا تۈزۈلگەن قانۇن-تۈزۈملەرمۇ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كونترول قىلىشتىن ئاجىزدۇر. قانۇن-تۈزۈملەر ئىنساننىڭ ۋىجدانىنى كونترول قىلالمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئىنساننى تاشقىرى جەھەتتىنلا باشقۇرۇشقا يارايدۇ. روزا بولسا، ئىلاھىي پرىنسىپ بولۇپ، ئۇ قەلب-ۋىجدانىنى ئويغۇتىدۇ، ھېسسىياتنى تىرىلدۈرىدۇ، سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاياتلىق زۇلۇم، بۇزۇلۇش ۋە چىرىكلىشىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن پاكلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى يالغان ئېيتىشنى تاشلىمايدىكەن، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەكنى تەرك ئەتكىنىگە ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوق»[3].

روزىنىڭ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا، يۈرۈش-تۇرۇشىدا، ئىش-ھەرىكىتىدە چوقۇم ئەجايىپ تەسىرى بولۇشى لازىم. ناچار ئىشلاردىن، غەيۋەت-شىكايەت، ھەسەت، بېخىللىق قاتارلىقلارغا ئوخشىغان تۈرلۈك يامان ئىللەتلەردىن تۇسالمىغان روزا قانداقمۇ قوبۇل قىلىنىدىغان روزا بولسۇن؟

سالىھلارنىڭ بىرى مۇنداق دېگەنىكەن: «يېمەك-ئىچمەكنى تەرك ئېتىش ئاسان،

[1] سۈرە بەقەرە 21-ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 1-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

لېكىن قوبۇل قىلىنىدىغان ھەقىقىي روزا تۇتماق قىيىن».

2 ـ ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش. ئاللاھ تائالا ئىبادەتلەرنى ئىنسانلارنىڭ نەپسىنى پاكلاش، روھنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن يولغا قويغان بولۇپ، ئىبادەتلەر بىلەن ئەخلاق يېتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىبادەتلەرنى تەلەپكە لايىق ئورۇندىغاندا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى پارلاپ نۇرلىنىدۇ، پەزىلەت ۋە ئەخلاقتىن بولغان نېسىۋىسى كۆپىيىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە روزىنىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈكتۇر. ماھىيىتىنى بىلىپ روزا تۇتقانلار دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك نۇرغۇن پايدىلارغا ئېرىشكەنىنىڭ سىرتىدا، چىدامسىزلىق، سەۋرسىزلىك، بېخىللىق، ئىسراپخورلۇقلارغا ئوخشىغان يامان ئىللەتلەردىن نەپسىنى پاكلاش، مەرتلىك، سېخىيلىق ۋە سەۋرچانلىقلارغا ئوخشىغان ئېسىل خىسلەتلەرگە قاراپ يۈكسىلىش قاتارلىق نەق پايدىغا ئېرىشىدۇ. ئىنسان روزا تۇتۇش جەريانىدا ئۆزىنى تونۇيدۇ، ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا ھەممىشە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى، خۇسۇسەن روزا تۇتۇش جەريانىدا ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارقاندىن كېيىن، يىل بويى توقلۇق ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىنى ئەسلەيدۇ، بۇ ئارىدا ئاچلىقتىن قىينىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى، يوقلۇق دەردىدە ئاچ قالغانلارنى ئەسكە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ قىينچىلىقلىرىنى تونۇپ يېتىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالاغا بولغان مىننەتدارلىق بۇرچىنى، يوقسۇللارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش روھى يۈكسىلىدۇ، نېمەتكە شۈكۈر قىلىش كەيپىياتى ئاشىدۇ.①

3 ـ ئىخلاسنى يېتىلدۈرۈش. روزا تۇتقان كىشى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەستىن روزىسىنى بۇزۇۋېتىشكە قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق نەپسىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن كونترول قىلىپ، يېيىش ـ ئىچىشتىن ۋە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ساقلايدۇ. بۇ پەقەت ئۇنىڭدىكى ئاللاھقا بولغان ئىخلاسنىڭ دەلىلىدۇر. مانا بۇ بارلىق ئىبادەتلەردە تەلەپ قىلىنىدىغان ئىخلاستۇر. «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»②.

«روزىدا رىيا يوقتۇر» دېگەن ئەسەر ھەققىدە ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مەن روزا تۇتتۇم دېيىش ئارقىلىق رىيا قىلىش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن روزا تۇتۇشنىڭ ئۆزىدە رىيا تېپىلمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدا «روزا مەن ئۈچۈندۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. روزا بەندە بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىر بولۇپ، ئۇنىڭغا رىيا ئارىلاشمايدۇ».

4 ـ نېمەتنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى تونۇتۇش. نېمەتنىڭ بىر مەزگىل

① ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ «روزىنىڭ ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈشتىكى رولى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.
② سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت.

ئۇزۇلمەي داۋاملىشىشى ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش تۇيغۇسىنى ئاجىزلىتىپ قويىدۇ. ھەرقانداق بىر نېمەتنىڭ قەدرى-قىممىتى شۇ نېمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىلىنىدۇ. روزا تۇتۇپ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتىغان ئىنسان ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قايتا تونۇپ، نامراتلارغا، مۇھتاجلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ توغرا يولى شۇكى، نېمەتنى گۇناھ-مەئسىيەت يوللىرىغا سەرپ قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۇنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشتۇر.

روزا ئىنسانغا نېمەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭدا نېمەتكە شۈكۈر قىلىش، نېمەتنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىش تۇيغۇسىنى ئويغۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا روزا ھەققىدىكى سۆزىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئېغىزىڭلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ»[①].

5-نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشنى ۋە ئۇنى يېڭىشنى ئۆگىتىش. ئىنسان ھاياتىدا ھەرۋاقىت نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشقا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. نەپسىنى كونترول قىلىپ، ئۇنى پاك تۇتقان ئادەم ئۇنى يېڭىشقا قادىر بولالايدۇ. نەپسىنى كونترول قىلالمىغان ئىنساننىڭ ھايۋاندىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. روزا نەپسىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر. ئۆلىمالار رامىزان ئېيىنىڭ نەپسىنى تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى مەكتىپى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. نەپسىنى كونترول قىلىشنى بىلگەن ئىنسان مەقسىتىگە يېتىدۇ. «نەپسىنى پاك تۇتقان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى.»[②]

6-شەيتاننىڭ نوپۇز ۋە كونتروللۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى يول بىلەن بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، رامزاننىڭ كىرىشى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ شەيتانلارنى باغلىۋېتىشكە، ئۇنى ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشتىن توسۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان كەلسە، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ»[③].

ئىككىنچىدىن، روزىنىڭ شەھۋەتنى پەسەيتىشى، ھەۋەسنى تىزگىنلىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئى ياشلار جامائەسى، كىمكى سىلەردىن ئۆيلىنىشكە قۇربى يەتسە ئۆيلەنسۇن. چۈنكى ئۇ كۆزنى (نامەھرەملەرگە قاراشتىن) يۇمدۇرىدۇ، جىنسىي ئەزانى (ھارام ئىش قىلىپ سېلىشتىن) ساقلايدۇ. كىمكى ئۆيلىنىشكە قۇربى يەتمىسە روزا تۇتسۇن. چۈنكى ئۇ شەھۋەتنى

① سۈرە بەقەرە 185-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ئەئلا 14-ئايەت.

③ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.



www.uyghurkitap.com

پەسەيتىدۇ»[1].

7 ـ ۋاقىت ۋە نىزاملارغا رىئايە قىلىشقا ئادەتلەندۇرۇش. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ تەرتىپسىزلىكنى، ۋاقىتقا پەقەت رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. روزا بىزگە ۋاقىت ۋە نىزاملارنىڭ ئىنچىكىلىكى ھەققىدە ئاجايىپ ساۋاقلارنى بېرىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندۇ: «بىلالنىڭ ئەزىنىنى ئاڭلىساڭلار ئېغىزىڭلارنى ئەتمسەڭلارمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئەزىنىنى ئاڭلىساڭلار ئېغىزىڭلارنى ئېتىڭلار». بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشىدىن بۇ ئىككى مۇئەززىننىڭ ئەزىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتەتتى؟ دەپ سورالغاندا، ئۇنىڭ: ئاۋۋالقىسى ئەزان ئوقۇغان يېرىدىن چۈشەتتى، ئاندىن ئىككىنچىسى چىقاتتى دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ ئىككى ئەزاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت بىرقانچە مىنۇتتۇر. بۇ، ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكىلىكىنى ۋە مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئېغىزلار سەھەردە بىر ئەزان بىلەن ئېتىلىدۇ، كەچتە يەنە بىر ئەزان بىلەن ئېچىلىدۇ. روزا تۇتقۇچى ۋاقىتقا رىئايە قىلماي، كۈن ئولتۇرۇشتىن بىر ـ ئىككى مىنۇت قەستەن ئېغىز ئېچىپ قويسا، ئۇنىڭ بىر كۈن جاپا تارتىپ تۇتقان روزىسىنىڭ بىكار بولىدىغانلىقى ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە ئىكەنلىكىگە يەنە بىر مىسالدۇر. مانا بۇ بىزگە، ئۆمرىمىز ھېسابلىنىدىغان ۋاقىتلىرىمىزغا رىئايە قىلىشنى ئۆگىتىدىغان ناھايىتى ئېسىل بىر دەرستۇر.

8 ـ ئۆزگىرىشنىڭ ۋە ئىسلاھاتنىڭ مۇمكىنلىكىدىن ئۈمىدلەندۇرۇش. بۇ، روزا ئىبادىتىدىن پايدىلىنىدىغان مۇھىم دەرسلەرنىڭ بىرىدۇر. مۇسۇلمانلاردىكى ئىمانىي سۇسلۇق ۋە ئۇلاردىكى ناچار ئىللەتلەر ھەرقانداق بىر دەۋەتچىنى ۋە ئىسلاھاتچىنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ ۋە ئېچىندۇرىدۇ. ھەتتا بەزىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ۋە ئىسلاھاتنى قوبۇل قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ۋە ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىدىن ئۈمىدسىزلىنىش چوڭ خاتالىقتۇر. ئىسلاھاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرسىلا ئۇلار چوقۇم ئۆزگىرىدۇ، ئۇلاردىكى بېخىللىق سېخىيلىققا، تاش يۈرەكلىك رەھىمدىللىققا، غەپلەت ھوشيارلىققا ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلۇغ رامىزان ئېيى ياخشى شاھىتتۇر. باشقا ۋاقىتتا بامدات ۋە جۈمە نامازلىرىدا بىكار قالغان مەسجىتلەرنىڭ رامىزان ئېيى كىرىشى بىلەنلا تولۇپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا بەزى مەھەللىلەردىكى مەسچىتلەرگە جامائەتلەرنىڭ سىغىشماي يوللاردا سەپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئايدا ھەر تەرەپتىن ياخشىلىنىشۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مانا بۇ، ئىسلاھاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىسىلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھامان ئۆزگىرىدىغانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر. شۇنىڭدەك، نۇرغۇن يامان ۋە ناچار ئادەملەرنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئايدا ھىدايەت تېپىۋاتقانلىقى، بەڭگىلەرنىڭ بۇ ئۇلۇغ

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئايدا تاماكا چېكىشنى تاشلاۋاتقانلىقى، ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ تەۋبە قىلىۋاتقانلىقى قاتارلىقلار ئۆزگىرىشنىڭ مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا زور ئۈمىد بېغىشلايدۇ. ئۆزگىرىش ئۈچۈن چوقۇم كۈچلۈك ئىرادە ۋە زور تىرىشچانلىق كېرەك. ئاللاھ تائالا تىرىشقانلارنى ۋە كۈرەش قىلغانلارنى ئۆزىنىڭ يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يوللىرىمىزغا يېتەكلەيمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»[1]

9 ـ ئىرادىنى كۈچەيتىش ۋە سەۋرچانلىقنى ئۆگىنىش. ئىرادە ئاجىزلىشىۋاتقان ۋە سەۋرسىزلىك ئومۇملىشىۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئىرادىنى كۈچەيتىشكە، سەۋرچانلىقنى ئۆگىنىشكە قاتتىق مۇھتاج بولماقتىمىز. ئىرادىسىز ۋە سەۋرسىز ئىنسان تۈگەشكەن ئىنساندۇر. شۇڭا ئىنساننىڭ بۇ ئاجىزلىقنى داۋالاش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداقتا ئۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى نېمە؟ ئۇنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى روزا تۇتۇشتۇر. ئىنسان شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ھالدا روزا تۇتۇشنى بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن ئىرادىسىنى كۈچەيتەلەيدۇ ۋە ئۆزىدە سەۋرنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ روزا تۇتۇش جەريانىدا نەپسىنىڭ ئىشتىھالىرىنى يېڭىپ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن نەپسىنى يىغىدۇ. شەھۋەتلىرىنى يېڭىپ، كۆز ئالدىدىكى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىرادىسى تاۋلىنىپ، تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. ئىرادىسى تاۋلانغان ئادەم ئاللاھ يولىدا سەۋرى قىلالايدىغان بولىدۇ. سەۋرى قىلالىغان ئادەم نەپسىنى يېڭەلەيدۇ. نەپسىنى يەڭەلىگەن ئادەم دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ.

ئىلىم ئۆگىنىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش دەۋەت قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان نۇرغۇن ساھەلەردە سەۋرگە مۇھتاج بولىمىز. «قۇرئان كەرىم»دە لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ: «ئى ئوغلۇم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.»[2]

روزا سەۋرچانلىقنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەكتىپىدۇر، بەلكى روزىنىڭ ئۆزى سەۋردۇر. چۈنكى روزىدا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا سەۋرى قىلىش، ئاللاھ تائالا روزا تۇتقۇچىغا ھارام قىلغان نەرسىلەرگە يېقىنلىشىشتىن سەۋر قىلىش، روزا تۇتقۇچىغا يۈزلىنىدىغان ئاچلىقنىڭ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئەلەملىرىگە سەۋرى قىلىش قاتارلىق سەۋرنىڭ ئۈچ تۈرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.[3]

① سۈرە ئەنكەبۇت، 69 ـ ئايەت.

② سۈرە لوقمان 17 ـ ئايەت.

③ ابن رجب 284

10 ـ تەننى ساغلاملاشتۇرۇش. تەتقىقاتچى ئالىملار روزىنىڭ تەندىكى ئېنېرگىيىنى ساقلاپ، ئۇنى ھاجەت مىقدارى تارقىتىپ بېرىش، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلاش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، نېرۋىنى ياخشىلاش، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، قاندىكى مايلارنى تازىلاش، ھۈجەيرىلەرنى بۇلغىنىشتىن ۋە زەھەرلىنىشتىن ساقلاش، ھۈجەيرىلەرنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇش، بەدەندىكى زەھەرلەرنى قوغلاپ چىقىرىش، نەپەس ئېلىشنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن پايدىلىرىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىمەكتە. بەزى دوختۇرلار «تىببىي روزا» دېگەن ئىستىلاھنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۇرغۇن كېسەللەرنى روزا بىلەن داۋالاپ نەتىجە قازانماقتا.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «روزا قالقاندۇر» يەنى قوغدىغۇچى ۋە ئالدىنى ئالغۇچىدۇر.[1]

ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى رامىزان ئېيىنىڭ تاماكا چېكىشنى تاشلاشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە. چۈنكى روزا ھۈجەيرىلەرنى تاماكا چەككەن سەۋەبلىك جىسمىدا چوغلانغان زەھەرلەردىن پاكىزلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان ئېيى تاماكا چېكىشنى تاشلاشقا كۆپ ياردەم بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ تاكاما چېكىش ئادىتىنى تاشلاش ئۈچۈن روزىدىن پايدىلىنىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالىمىز.

ئالىملار بۇ ئەسىرنىڭ بالاسى بولغان سېمىزلىكنى داۋالاشتا روزىدىن ئىبارەت يېڭى بىر داۋالاش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. چۈنكى ئارتۇق ماينى ئېرىتىش قاتارلىقلاردا روزا چوڭ رول ئوينايدۇ. گورمونلارنىڭ ھەرىكىتىنى رەتكە سېلىشقا ۋە تەنىنىڭ گۈزەللىكىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. روزا ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىشنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى بولۇپ، قوللىنىش ئاسان ۋە چىقىمسىز داۋادۇر.

روزىنىڭ يەنە شەھۋەتنى بېسىقتۇرۇش، قەلبنى زىكىرگە تەييارلاش، ئاخىرەت تەشنالىقىنى يېتىلدۈرۈش ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان سىر ـ ھېكمەتلىرى بار بولۇپ، روزا ئىبادىتىدىن تولۇق بەھرىلىنىشنى ئۈمىد قىلغان ئىنسان چوقۇم يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىزدىنىشى لازىم.

روزىنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى ئاللاھ تائالانىڭ روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنى بەندىلىرىنى قىيناش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكتىن ۋە ئۇلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتىنى دەپ يولغا قويغانلىقىنى ھەقىقى تونۇپ يېتىدۇ.

ئى ئاللاھ، بىزنى رامىزانغا سالامەت يەتكۈزگىن، روزىنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرىنى بىلىپ روزا تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن تولۇق بەھرىلىنىشنى نېسىپ قىلغىن. ئى ئاللاھ، بىزنى كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان بەندىلىرىڭنىڭ جۈملىسىدىن قىلغىن. (ئامىن)

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com




1. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسىنى بېرىش پەرز بولۇپ، ھېيت كۈنى ۋە كېچىسى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ نامىدىن بېرىدۇ.

2. سوئال: فىتىر سەدىقىسى كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى مەيلى ھۆر، مەيلى قۇل، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فىتىر سەدىقىسىنى خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر سا[1] قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئۇنى مەيلى ھۆر، مەيلى قۇل، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ھەربىر مۇسۇلمانغا ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىشنى بۇيرۇغان»[2].

[1] بىر سا- ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، 3250 گرامغا تەڭ، 2751 گرامغا تەڭ دېگەنلەرمۇ بار، «سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا ھەيئىتى» تەخمىنەن ئۈچ كىلوغا تەڭ بەلگىلىگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

3. سوئال: فىتىر سەدىقىسى پېقىر-باي ھەممىسىگە پەرز بولامدۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى باي، پېقىر ھەركىمگە، ھېيت كۈنى ۋە ئۇنىڭ كېچىسى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بىر نەرسىسى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرزدۇر. چۈنكى بۇ يەردىكى سەدىقە ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى ئادەمگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇنى ئادا قىلىشتا باي بولۇش شەرت ئەمەس. شۇڭا كەمبەغەللىگىمۇ پەرزدۇر.

4. سوئال: فىتىر سەدىقىسى ئەقلى جايىدا ئەمەسلەرگىمۇ پەرزمۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى ئەقلى جايىدا بولمىغان ۋە ئۆزىنىڭ پۇل-مېلىنى ئۆزى تەسەررۇپ قىلالمايدىغانلارغىمۇ پەرز بولىدۇ. ئۇنى ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغانلار ئۇنىڭ پۇل-مېلىدىن ئادا قىلىدۇ.

5. سوئال: قورساقتىكى بالىغا فىتىر سەدىقىسى پەرزمۇ؟

جاۋاب: قورساقتىكى بالا تۇغۇلمىغىچە ئۇنىڭغا پىتىر سەدىقىسى پەرز ئەمەس. ھەتتا ھېيت كېچىسىدە بولسىمۇ تىرىك تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى پەرز بولىدۇ.

6. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نىيەت شەرتمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە نىيەت شەرت. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما نىيەتنى ئېغىزدا سۆزلەش شەرت ئەمەس، پەقەت پىتىر سەدىقىسنى ئادا قىلىشنى قەلبىدە نىيەت قىلىش يېتەرلىكتۇر. چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «ئىنسان قەلبىدە نىيەت قىلىپ، ئېغىزىدا ئېيتمىسىمۇ كۇپايىدۇر. بۇنىڭغا كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئىتتىپاقتۇر. ئەمما ئېغىزىدا پىتىر سەدىقىسى بېرىشنى ئېيتىپ تۇرۇپ، قەلبىدە ئۇنى نىيەت قىلمىسا، ئۇ ئادا بولمايدۇ.»

7. سوئال: پىتىر سەدىقىسى قەرزدار ئادەمگىمۇ پەرز بولامدۇ؟

جاۋاب: قەرزدار ئادەمگىمۇ پىتىر سەدىقىسى پەرزدۇر. ئۇنىڭ قەرزى بۇنىڭغا توسقۇن بولالمايدۇ. چۈنكى پىتىر سەدىقىسى كىشىنىڭ ئىقتىسادىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جېنىغا كەلگەن سەدىقىدۇر.

8. سوئال: پىتىر سەدىقىسى قاچان پەرز بولىدۇ؟

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈن پېتىشى بىلەن پەرز بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالار دەيدۇكى، پىتىر سەدىقىسى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن پەرز بولىدۇ. ئالدىنقى كۆزقاراشقا كۆرە، ھېيت كېچىسى تۇغۇلغان بالىغا پىتىر سەدىقىسى كەلمەيدۇ، ئەمما ئىككىنچى كۆزقاراشقا كۆرە، كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھېيت كېچىسى ئۆلگەن كىشىگە ئالدىنقى كۆزقاراشقا كۆرە، پىتىر سەدىقىسى كېلىدۇ. چۈنكى پىتىر سەدىقىسى پەرز بولغاندا ئۇ ھايات ئىدى. ئىككىنچى كۆزقاراشقا كۆرە، كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى پىتىر سەدىقىسى پەرز بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلگەن بولىدۇ.

9. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى قاچان بېرىش كېرەك؟

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنى رامىزان ئېيى ئىچىدە بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، پىتىر سەدىقىسىنى ھېيتتىن بىر ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى بېرەتتى. يوقسۇللارنىڭ شارائىتىغا قاراپ، ئەگەر ئۇلارغا پايدىلىق بولسا رامىزاننىڭ بېشىدىلا بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتى ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن ئىلگىرى بولۇپ، ھېيت نامىزىدىن كېيىن قالغان پىتىر سەدىقىسى ئادەتتىكى سەدىقىغا ھېسابلىنىدۇ. پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

10. سوئال: پىتىر سەدىقىسى كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى پېقىرلارغا بېرىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى روزا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇتقانلارنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت، پېقىرلارغا تائام بولۇش ئۈچۈن بۇيرۇغان. ئۇنى روزى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بەرسە فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، نامازدىن كېيىن قالسا ئادەتتىكى سەدىقىغا ھېسابلىنىدۇ»[1].

11. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟

جاۋاب: ئەبۇ سەئىد خۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، بىز (فىتىر سەدىقىسىنى) خورمىدىن ياكى ئارپىدىن ياكى قۇرۇق ئۈزۈمدىن ياكى ئىرىمچىكتىن (قۇرۇتتىن) بىر سادىن بېرەتتۇق»[2]. يەنە ئەبۇ سەئىد خۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە فىتىر سەدىقىسىنى تائامدىن بىر سادىن بېرىشنى بۇيرۇغان» دەپ كەلگەن. ئىككىنچى ھەدىس ئىنسان يەيدىغان بارلىق تائاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا فىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن پېقىرلارغا پۇل بەرسە ئەڭ ياخشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۆتمۈشلەردە ئاچلىق كۆپ بار ئىدى، كىشىلەرنىڭ قورسىقى تويسا بولاتتى. ئەمما ھازىر كىشىلەر تائامغا ئېھتىياج بولغاندەك، داۋالىنىش، ئائىلىنىڭ چىقىملىرىنى قامداش ئىشلىرىدا پۇلغا كۆپرەك مۇھتاج بولىدۇ. شۇڭا پۇل بەرسە پېقىرلار ئۈچۈن ئەڭ مەنپەئەتلىكتۇر.

12. سوئال: كۆپ كىشىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بىرلا ئادەمگە بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: بولىدۇ، كۆپ كىشىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بىرلا ئادەمگە بېرىش جائىز بولغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى كۆپ كىشىگە بۆلۈپ بېرىشمۇ جائىزدۇر. بۇ ئىشلاردا يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قايسى ھالەت ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا شۇنى قىلىش ئەۋزەل.

13. سوئال: كادىردىن ھۆكۈمەت ئالغان فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرلاردىن ئالغان فىتىر سەدىقىسى جائىزدۇر. بەرگەنلەردىن ئادا تاپىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىدىن قانچە كىشىدىن ئالغان بولسا، شۇلارنىڭ فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپىدۇ، قالغانلىرىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئائىلە باشلىقى يوقسۇللارغا بېرىپ ئادا قىلسا بولىدۇ.

14. سوئال: ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن باللىرى فىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ قويسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بولىدۇ. باللار ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار باللىرى ئۈچۈن فىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ قويسا ئادا تاپىدۇ. ئاتا-ئانىسى كەمبەغەل بولسا، باللارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن سەدىقە فىتىرنى ئادا قىلىپ قويۇشى پەرزدۇر.

15. سوئال: ئاياللىنىڭ سەدىقە فىتىرىسىنى كىم بېرىدۇ؟

جاۋاب: ئاياللىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئېرى بېرىدۇ. ئەگەر ئاياللىنىڭ زاكات كەلگۈدەك مىقداردا مۇستەقىل ئىقتىسادى بولسا، فىتىر سەدىقىسىنى ئۆزى ئادا

[1] ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىدۇ.

16. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى ئۆز قولى بىلەن بەرگەن ياخشىمۇ ياكى يىغىدىغانلارغا تاپشۇرسا ئادا تاپامدۇ؟

جاۋاب: يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغاننى قىلىش ئەۋزەلدۇر. ئەگەر ئۆزى تونۇغانلىرى ياكى قوشنىلىرى ياكى تونۇشلىرى ئىچىدە سەدىقىگە ھەقلىق بولغان پېقىرلارنى بىلسە، شۇلارغا ئۆز قولى بىلەن بەرگىنى ئەڭ ياخشىدۇر. ئەگەر مۇئەييەن پېقىرنى بىلمىسە، فىتىر سەدىقىسىنى توپلايدىغانلارغا تاپشۇرسا بولىدۇ. چۈنكى فىتىر سەدىقىسىنى قانداق ئۇسۇلدا تارقىتىش توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستە دەلىل كەلمىگەن. بەلكى كىشىلەرنىڭ شارائىتقا قاراپ ئىش قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان. شۇڭا قانداق ئۇسۇلدا بەرسە بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى پېقىرلارغا يەتكۈزۈشتۇر.

17. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى باشقا شەھەرگە يۆتكەشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەسلىدە فىتىر سەدىقىسىنى شۇ شەھەرنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فىتىر سەدىقىسى ھەققىدە: «ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدۇ» دېگەن. ئەگەر ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجىدىن باشقا شەھەردىكى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجى زور بولسا، ياكى ئۆزىنىڭ پېقىر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى باشقا شەھەردە بولسا، فىتىر سەدىقىسىنى ۋە زاكاتىنى شۇ يەرگە بېرىشكە بولىدۇ.

18. سوئال: بەزى كىشىلەر فىتىر سەدىقىسىنى باشقا شەھەردىكى ئۆزى تونۇيدىغان پېقىرلارغا بېرىمىز دەپ ساقلاپ ئۇنى ھېيت نامىزىدىن كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق قىلسا فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپامدۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسىنى ياكى زاكاتنى بېرىش دېگەنلىك ئۇنى ھەقلىق بولغان كىشىگە ياكى ئۇنى توپلايدىغان ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. فىتىر سەدىقىسىنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى يوقسۇللارنىڭ ئۆزىگە ياكى ئۇنى توپلاپ تارقىتىپ بېرىدىغان مەخسۇس ئورگانغا ياكى توپلاپ تارقىتىدىغان شەخسلەرگە تاپشۇرۇپ بولغان كىشىدىن بۇ سەدىقە ئادا تاپقان بولىدۇ. ئەگەر روزا ھېيت نامىزىدىن كېچىكىپ قالسا، فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

19. سوئال: بەزى كىشىلەر فىتىر سەدىقىسىنى يىراقتىكى پېقىرلارغا بېرىش ئۈچۈن ئايرىغان بولسىمۇ، ئۇنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىگەنلىكتىن باشقا بىر ئۆيگە ئاچىقىپ قويۇپ ھېيتتىن كېيىن ئەۋەتىدۇ. بۇ جائىزمۇ؟

20. جاۋاب: فىتىر سەدىقىسىنى ئۆيىدىن چىقىرىپ باشقا بىر ئۆيدە ساقلاپ يېتىش ئۇنى ئادا قىلغانلىققا ياتمايدۇ. ئەگەر ئۇنى روزا ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى يوقسۇللارغا بېرىۋەتمىسە، فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

21. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى ياكى زاكاتنى يوللاردا، بازارلاردا، مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا، ماشىنا توختىغان ئىشارەتلەردە تىلەيدىغانلارغا بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: يۇقىرىقى جايلاردا تىلەيدىغانلار تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان بايلاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى يوقسۇل دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات ياكى فىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

22. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى سورىغانلارغا بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: سورىغانلار ئەگەر تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانلار ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجى يۈزىسىدىن سورىغان ئۆزىگە تونۇشلۇق پېقىرلار بولسا، فىتىر سەدىقىسىنى ئۇلارغا بەرسە بولىدۇ. ھەتتا ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، ئەگەر يوقسۇل دەپ پەرەز قىلىنسا، تىلەمچى بولمىسا، ئۇلارغا بەرسە ئادا تاپىدۇ.

23. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئۆتمۈشلەردە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى يوقسۇللۇقتا بىر-بىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋالدا بولغانلىقتىن، بىراۋ ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى باشقا بىرسىگە بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى قوبۇل قىلسىمۇ ئۇلار ئۆزرىلىك سانىلاتتى. چۈنكى ھەممە دېگۈدەك پېقىرچىلىقتا ئىدى. ئەمما ھازىر ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. كىشىلەر بېيىدى. شۇڭا مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى فىتىر سەدىقىسى پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر.

24. سوئال: بىراۋنىڭ ئىككى دۆلەتتە ئىككى ئائىلىسى بولسا، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئۆزى تۇرغان دۆلەتتە فىتىر سەدىقىسىنى بېرەمدۇ ياكى ھەر ئىككى ئائىلە ئۆز ئالدىغا بېرەمدۇ؟

جاۋاب: ھەربىر ئائىلە فىتىر سەدىقىسىنى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى پېقىرلارغا بەرسە ئەۋزەل. ئەمما ئەگەر پېقىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولسا، ئىككى ئائىلىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بىر ئائىلىدىن بەرسىمۇ بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتىدۇر. چۈنكى فىتىر سەدىقىسى پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر.

25. سوئال: بىراۋ باشقا بىر شەھەردە ياشايدىغان بولۇپ، فىتىر سەدىقىسىنى ئۆز يۇرتىدىكى پېقىرلارغا بەرمەكچى بولسا، قايسى شەھەردىكى مىقدارنى ھېسابلايدۇ؟

جاۋاب: بۇ مەسىلىدىمۇ پېقىرلارنىڭ مەنپەئىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۆزى تۇرغان دۆلەتتىكى فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى بويىچە بېرىدۇ. ئەگەر ئۆزى تۇرغان دۆلەتتىكى فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى ئەۋەتمەكچى بولغان دۆلەتتىكى فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارىدىن ئاز بولسا، پېقىرلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولسۇن ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولغان دۆلەتتىكى مىقدارنى ھېسابقا ئالىدۇ.

26. سوئال: بىراۋ ئىككى دۆلەتتە تۇرسا، فىتىر سەدىقىسىنى قايسى دۆلەتتە بېرىدۇ؟

جاۋاب: ئۇ كىشى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنىدە قايسى دۆلەتتە بولغان بولسا، فىتىر سەدىقىسىنىمۇ شۇ دۆلەتتە بېرىدۇ. چۈنكى فىتىر سەدىقىسى پەرز بولغان دۆلەت شۇ دۆلەتتۇر. ئەگەر فىتىر سەدىقىسىنى رامىزاننىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىلىرىدا بېرىۋەتكەن بولسا، بۇ باشقا مەسىلە. مەيلى قايسى دۆلەتكە بەرگەن بولسۇن، ئادا تاپقان بولىدۇ.

27. سوئال: بىراۋنىڭ ئۈچ بالىسى بولۇپ، ھەممىسى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق

بولغان ۋە بالىلىرى بار بولۇپ، ھەممىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا بىرگە ياشىغان ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى بىر خىل بولسا، ئاتىسى ھەممە بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئۈچۈن فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەسلىدە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان بالىلار ئۆزلىرىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئۆزلىرى ئادا قىلىشى لازىم. ئەمما ئۇلار ھەممىسى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ، تۇرمۇشى ئورتاق بولغانلىقتىن، ئاتىسى ھەممىسى ئۈچۈن بېرىۋەتسىمۇ ئادا تاپىدۇ. شۇنداقلا بالىلار ئايرىم ئۆيدە مۇستەقىل ياشىغان بولسىمۇ، ئەگەر پېقىر بولسا، ئۇلارنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئاتىسى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن بالىلىرى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇش لازىم. بۇ نىيەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. چۈنكى فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش بىر ئىبادەتتۇر. ئىبادەت نىيەتسىز قوبۇل بولمايدۇ.

28. سوئال: بىراۋ ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، سەدىقىنى ئالغان بۇ ئادەمدە ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن قولىدىكى شۇ سەدىقىدىن باشقا پۇل بولمىسا، ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن شۇ پۇلنى باشقىسىغا بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر ئۆزى پېقىر بولسا شۇنداق قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ پېقىر بولغانلىقى سەۋەبلىك فىتىر سەدىقىسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بېرەي دېسە باشقا پۇلى يوق. شۇڭا ئۆزىگە بېرىلگەن فىتىر سەدىقىسىنى باشقا بىرسىگە ئۆزىدىن فىتىر سەدىقە قىلىپ بەرسە بولىدۇ. ئەمما ئۇنى ئالغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە بەرسە ياخشى بولمايدۇ.

29. سوئال: بىراۋ پېقىر بولمىسىمۇ بىرى ئۇنىڭغا فىتىر سەدىقىسى بەرگەن بولسا، ئۇنى قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: سەدىقىگە مۇھتاج بولمىغان ئادەم ئۆزىگە بېرىلگەن فىتىر سەدىقىسىنى ياكى زاكاتنى ئالماسلىقى لازىم. ئەگەر ئېلىپ قويغان بولسا، ئۇنى سەدىقىگە مۇھتاج بولغانلارغا بېرىۋېتىشى لازىم. چۈنكى ئۆزى يوقسۇل بولمىغان ئىكەن، سەدىقە ئۇنىڭغا جائىز ئەمەس.

30. سوئال: بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ فىتىر سەدىقىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن زاكات ئادا تاپامدۇ؟

جاۋاب: ئەسلىدە فىتىر سەدىقىسىنى بېرىشتە ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلارنى ئېنىقلاپ، تېپىپ شۇلارغىلا بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. سەدىقىنى بەرگۈچى بىراۋنى پېقىر دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن، بۇ سەدىقىنى ئالغۇچىنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، سەدىقىنى بەرگۈچىنىڭ بەرگەن ۋاقتىدىكى ئۇنى پېقىر دەپ بىلگەن ئېتىقادى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ بەرگەن بۇ فىتىر سەدىقىسى جائىزدۇر. بۇنداق سەدىقە ئادا تاپىدۇ.

31. سوئال: ئالدىنقى يىلنىڭ فىتىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سەدىقىسىنى بەرمىگەن ئادەم بۇ يىلقىسى بىلەن بىرگە بېرەمدۇ؟

جاۋاب: ئالدىنقى يىلنىڭ بېرىلمىگەن فىتىر سەدىقىسى كىشىنىڭ گەردىنىدە قالغان بولىدۇ، ئۇنى چوقۇم بېرىشى لازىم. بۇ يىلقىسى بىلەن قوشۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇ يىلقىسى بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا بۇ يىلقىسىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش كېرەك. ئەمما ئالدىنقى يىلنىڭكىسىنى قايسىبىر ۋاقىتتا بېرىۋەتسە بولىدۇ.

32. ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان ئادەم قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فىتىر سەدىقىسىنى روزا تۇتقانلارنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت، پېقىرلارغا تائام بولۇش ئۈچۈن بۇيرۇغان. ئۇنى روزى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بەرسە فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، نامازدىن كېيىن قالسا ئادەتتىكى سەدىقىغا ھېسابلىنىدۇ»①.

بۇ ھەدىسقا بىنائەن، فىتىر سەدىقىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ئۇنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەدىقىنىڭ ساۋابىنى تاپقان بولىدۇ.

33. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشتا باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىراۋنى ئۆزىدىن ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. ھازىر كۆپلىگەن دۆلەتلەردە فىتىر سەدىقىسىنى كىشىلەردىن يىغىپ پېقىرلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەخسۇس جەمئىيەتلەر بار، ھەتتا مەسجىدلەردىمۇ يىغىدىغان كومىتېتلار بار. شۇلارغا بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما پېقىرلارغا يەتكۈزۈپ بېرەمدۇ ياكى ئۆزلىرى بىرلىشىپ يەپ كېتەمدۇ؟ بۇنى ئېنىقلاپ كۆرۈپ ئاندىن بېرىش لازىم. چۈنكى ھازىرقى كۈندە، دىننى سايە قىلىپ تۇرۇپ قويمىچىلىق قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

34. سوئال: بىراۋ فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلغان بولۇپ، ۋەكىل بولغان ئادەم ئۇنى پېقىرلارغا يەتكۈزمىگەن بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ۋەكىل بولغان ئادەم ئىشەنچلىك ۋە ئەقلى جايىدا بولغان بىرى بولسا، ئۇنىڭغا فىتىر سەدىقىسىنى تاپشۇرغان ئادەمدىن ساقىت بولغان بولىدۇ. گۇناھ ئۇنى پېقىرلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىگەن ۋەكىلگە بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل قىلىنغان ئادەم كىچىك بالا ياكى ئەقلى-ھوشى جايىدا بولمىغان بىرسى بولسا، بۇ ۋاقىتتا گۇناھ ۋەكىل قىلغان ئادەمگە بولىدۇ. بۇ كىشىنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى قايتا بېرىشى لازىم كېلىدۇ.

35. فىتىر سەدىقىسى پېقىرغا بېرىلگۈچە ئارىلىقتا يوقاپ كەتكەن ياكى ئوغرىلانغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بۇ ۋاقىتتا فىتىر سەدىقىسىنى قايتا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ھەقلىق بولغان كىشىگە يەتمىگەن سەدىقە ياكى زاكات ھەرگىز ئادا تاپمايدۇ.

① ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

36. سوئال: بىراۋ باشقا بىرسىدىن سورىماي ۋە خەۋەردارمۇ قىلماي ئۇنىڭ فىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ قويسا ئادا تاپامدۇ؟

جاۋاب: ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى فىتىر سەدىقىسمۇ ئىبادەتتۇر. ئىبادەتلەر نىيەت قىلماستىن ئادا بولمايدۇ.

37. سوئال: فىتىر سەدىقىسى ۋە زاكات بەلگىلەنگەن مىقداردىن كەم ـ زىيادە قىلىنسا ئادا بولامدۇ؟

جاۋاب: بەلگىلەنگەن فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى ئەڭ ئاز مىقدار بولۇپ، بۇ مىقدارلاردىن ئاز بېرىلسە قەتئىي ئادا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قانچىلىك كۆپ بېرىلسە شۇنچىلىك كۆپ ساۋاپ ۋە بەرىكەت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ماۋزۇنى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بىر مىسال بىلەن بايان قىلغان: «ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ ( سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تىكىلىپ) 7 باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دىن دان تۇتقان بىردانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ( ساۋاپ ۋە بەرىكەت) بېرىدۇ»[1].

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «2.5% نىلا زاكات بېرىمەن دېگۈچىلەرنىڭ زاكىتى بېخىللارنىڭ زاكىتىدۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

38. سوئال: ئاتا ـ ئانىسى باي بولسىمۇ ئۆزى مۇھتاجلىقتا قالغان كىشىگە فىتىر سەدىقىسى بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاتا ـ ئانىسى باي بولسىمۇ ئۆلارنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ياكى پايدىلىنالمىغان ۋە پېقىرلىقتا قالغان كىشىگە فىتىر سەدىقىسى بېرىش جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، ئېرى باي بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ۋە مۇھتاجلىقتا قالغان ئايال كىشىگىمۇ بېرىش جائىزدۇر.

39. سوئال: بالىسى باي بولسىمۇ ئۆزى مۇھتاجلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكات بېرىش جائىزمۇ؟

جاۋاب: بالىسى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە پېقىرلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكاتتىن بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى مۇنداق كىشى بالىسىنىڭ بايلىقى ئېتىبارى بىلەن باي، ئەمما ئۆزىنىڭ مۇھتاجلىقى ۋە بالىسىنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇملۇقى ئېتىبارى بىلەن پېقىرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

40. سوئال: فىتىر سەدىقىسى ئالغۇچى پېقىرنىڭ تەقۋا، دىيانەتلىك كىشىلەردىن بولۇشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى ئېلىشقا ھەقلىق بولۇشنىڭ شەرتى مۇسۇلمان ۋە ئېھتىياج ئىگىسى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما فىتىر سەدىقىسى ئالغۇچىنىڭ تەقۋا ياكى پاسىق بولۇشى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ فىتىر سەدىقىسى ئالغان پۇل ـ مالنى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، نەشە چېكىشكە ئوخشاش ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا فىتىر سەدىقىسى بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇنداق قىلىش گۇناھ ـ مەسىيەتكە ياردەم بەرگەنلىك قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 261 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دوكتور سەلمان ئەۋدە

# كرىزىسلار ئىچىدە قانداق ياشىشىمىز كېرەك؟

سىراجىددىن ئەزىزى تەرجىمىسى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدا كېلىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىز بىلەن يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلەشكەن، بىر قېتىمدا ئائىشە ئۇتۇۋالسا، يەنە بىر قېتىمدا رەسۇلۇللاھ ئۇتۇۋالغان. بۇ غازات ئەسناسىدا بولۇپ، غازاتنىڭ نە قەدەر خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان، ئۆلۈم ئىشى چىقىدىغان گەپ.

ئادەم ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يەپ، جەننەتتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن زېمىندا كەڭ تاشا ياشىغان، پەرزەنت كۆرگەن ئىدى، كۈلەتتى، يىغلايتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتتىن چىقىپ دۇنيانى كەزگەن، ئايالى بىلەن سەپەر قىلغان - ئۇ چىرايلىق ۋە سالىھە ئايال ئىدى - مىسىرغا بارغان، ھەرەمگە بارغان، ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى كۆڭلىدىكى تەشۋىشكە قارىماي قاقاس چۆل-باياۋاندا قايتا كېلىپ يوقلاش ئۈمىدى بىلەن تاشلاپ كەتكەن ۋە چىرايلىق نەسىھەت قىلغان.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قۇدۇقتىن چىقىپ، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلارغا ئېلىپ كېتىلگەن. سارايدا ئېغىر بېسىملارغا ئۇچرىغان، ناھەق تۆھمەتلەرگە قالغان، گۇناھسىز زىندانغا تاشلانغان. شۇنچە ئېغىر بېسىملارغا ئۇچراپمۇ كرىزىسلارنى يېڭىپ چىقىپ ئېغىر-بېسىقلىقنى، تەمكىنلىكنى يوقاتماي، چىرايىدىن تەبەسسۇم ئاجرىمىغان، گۈزەل ئەخلاقىنى يوقاتمىغان، ئېغىر شارائىتنى ئۇلۇغۋار غايىسىگە يەتكۈزىدىغان ياخشىلىق ۋە ئىش-پائالىيەتلەرنى توختاتمىغان. پۇرسەت تاپقاندا خۇشال بولۇش ۋە كۆڭلىنى ئېچىشنى ئۇنتۇمىغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ياقا يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ بارغاندا ھاياتى پۈتۈنلەي قىيىنلاشقان بولسىمۇ، مېھرىبان ئانىسى، كۆيۈمچان ئاكىسى، سۆيۈملۈك ھەدىسىدىن؛ ئېزىلگەن، باشسىز قالغان بىچارە خەلقىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي ھاياتنىڭ

قانۇنىيتىگە بويسۇنۇپ، ھاياتىدا ئاياق بېسىپ باقمىغان زېمىندا تونۇمىغان قىزلارغا ئۆزلىكىدىن خالىسانە خىزمەت قىلغان. ئايالنىڭ مېھرى ھەققى ئۈچۈن ئون يىل قوي بېقىپ بېرىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن ئىدى.

نۆۋەتتە بولسا ئىسلام ئۇممىتى خەتەرلىك ئۆزگىرىشلەرگە، قىيىن ئەھۋاللارغا، ئىچكى كىرىزىسلار بىلەن تاشقى كۈچلەرنىڭ مۇداخىلە ۋە خىرىسلىرىغا ئۇچرىماقتا. مىليۇنلارچە ئەرەبلەر بولۇپمۇ سۈننىي مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدىن پالىنىپ خانىۋەيران قىلىنماقتا. ئىراق ۋە سۈرىيەلەردە ئەجداتلىرىدىن قالغان تارىخىي زېمىنلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇرلانماقتا. ئۇلار ياقا يۇرتلاردا ئۆيلىرىگە قاچان قايتىشلىرىنى بىلمىگەن ھالدا مۇساپىرلىق ھاياتىدا ياشىماقتا.

نەگە قارىسا قان ئېقىۋاتقان، پاشا ـ كۇمۇتىلارنىڭ خەۋەرلىرىگىچە تەپسىلىي خاتىرىلەۋاتقان ئۇچۇر ۋاستىلىرى ۋە كامىرالار ئالدىدا بىگۇناھ ئىنسانلار پەرۋاسىز ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان بىر دۇنيادا ياشىماقتىمىز.

ئىسلام ئۇممىتى سىياسىي چۈشكۈنلۈك، ئىقتىسادىي چېكىنىش، روھىي مەغلۇبىيەت باسقۇچىدا ياشىماقتا. ياشلار بولسا يولباشچىلار بىلەن نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدىن ھۇدۇققان، نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگەن بىر ئەھۋالدا تۇرماقتا. بۈگۈنكى ئەڭ خەتەرلىك نەرسە ئەجابىي ھالدا ئۆزگىرىش ۋە ھامان بىر ئاسايىشلىقنىڭ بولىدىغانلىقىغا قارىتا ئۈمىد تۈيغۇسىنىڭ يوقالغانلىقىدۇر.

كۆپىنچە ياشلىرىمىزدا ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالغان، كىچىكىدىن ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن گۈزەل ئەخلاق، يۈكسەك پەزىلەتلەرگىمۇ گۇمان بىلەن قارايدىغان ئەھۋال ھۆكۈم سۈرمەكتە. پۈتۈن بىر ئەۋلات ئەتراپىدىكى كىشىلەر ۋە نەرسىلەرگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن!

بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاددىي بۇرچىمىز ئەنە شۇ ياشلارغا يېقىنلىشىشتۇر. ياشلار ئۈممەتنىڭ بايلىقى، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە قۇلاق سالساق، تەنقىتلىرىنى ئاڭلىساق، ئۇلارغا مۇھەببەت، مېھرىبانلىق بېغىشلىيالىساق، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ياراملىق ئەۋلاتلار قىلىپ تەربىيىلەيمىز.

ياشلارغا شۇ ھەقىقەتنى ئاڭلىتىشىمىز كېرەككى، تارىختىن بېرى مىللەتلەر ۋە شەخسلەر ئوخشاش بولمىغان كىرىزىسلار، مۇسىبەتلەر ۋە ئەگرى ـ توقايلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، ھەل قىلىش چارىلىرى بولسا ئالدىراقسانلىق بىلەن ئەمەس، سوغۇققانلىق بىلەن بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا كىرىزىسلارنى كۆپەيتىمىز، دۈشمەنلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىمىز، دوستلارنىڭ ئارىسىغا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىمىز، ئۈمىتسىزلىك ئۇرۇقىنى چاچىمىز. ئىسلام ئۇممىتى بېشىدىن كەچۈرمەكتە بولغان كىرىزىس ئۇزۇن مۇددەتلىك بولۇپ، بىر كۈندىلا ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

كىرىزىسنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەركىدۇنيالىق بىلەن ياشاشقىمۇ يول يوق، تۇرمۇشنىڭ ئەلۋەتتە ئۆزىگە لايىق گۈزەللىكى، ئەجابىي تەرەپلىرى كۆپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقلىرى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ھادىسىلەر سەۋەبلىك ئەنسىزلىككە كۆمۈلۈپ كەتكەن، چارىسىزلىك ھېس قىلىدىغان روھىي چۈشكۈنلىكىمىزنى كۆتۈرۈۋېتىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئەتراپىمىزدىكى ئەنسىزلىكلەر بىلەن چارىسىزلىكلەرگە مەلھەم بولىدۇ.

دۇچ كەلگەن كىرىزىسلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىدىن بىرى كىرىزىسلارنى ھېس قىلىش بىلەن كىرىزىس ھالىتىنى ۋە كىرىزىس پەسخىكىنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ۋە بۇ ئالەمنىڭ ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ ھېكمەتلىك ۋە ئەڭ رەھىملىك ئىگىسى بولۇپ، ئالەمنى ھېكمەت بىلەن باشقۇرىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىشتۇر.

«ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز.»[1]

بىز ئالدىراپ كېتىمىز، ئاللاھ ئالدىرىمايدۇ!

كىرىزىسنى ھەل قىلىش چارىلىرىدىن يەنە بىرى ئاجىزلىق ھالىتىدە ئاللاھنىڭ لۇتپىنى ئەسلەشتۇر.

قارايدىغان بولساق تۈركىيە تەبىئىي بايلىققا ئىگە دۆلەت بولمىسىمۇ، سۈرىيە ۋە ئىراق مۇھاجىرلىرىدىن مىليونلارچە كىشىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن قارشى ئېلىپ بېقىۋاتىدۇ، ئۇلارنى پاناھلانغۇچىلار دەپ ئاتىماستىن «مۇھاجىرلار» دەپ ئاتىدى! بۇ ئاتالغۇنى ھۆكۈمەت قارارى ئوخشايدۇ دەيتتىم، تۈرك خەلقىمۇ مۇھاجىرلارنى قارشى ئېلىشتا ھۆكۈمەتتىن قېلىشمايدىكەن. تۈركىيە بولسا كۈچلۈك ھالەتتىن ئاجىزلىققا ئايلىنىپ قېلىشتا ئۆرنەك بولغان بىر دۆلەت. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۇزۇن مۇددەتلىك سەۋرچانلىق، تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە شەۋكىتىنى يەنە قايتا ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە.

ھەسرەتتە باش چايقاپ سورار مۇسۇلمان،
بۇ قارا زۇلمەتلەر تۈگەيدۇ قاچان!
ھەر ئىشقا بىر پىلان ۋە سەۋر كېرەك،
پىلانسىز ھەرىكەتلەر مەغلۇبىتۇر ھامان.

«سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۈچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[2].

## تەرجىمان ئىلاۋىسى:

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەر، بىز ياشاۋاتقان كىرىزىسلارنى ئىسلام ئۇممىتىگە قىياس قىلساق ئىككى ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇنداقتىمۇ كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك، ئىجابىي قارىشىمىز كېرەك. دۈشمەن قانچە كۈچلۈك بولۇشى، خىرىسلارنىڭ بىزلەرنى چىرمىۋېلىشى بىزنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىكى لازىم. بىز سەۋەپ قىلىدىكەنمىز ئەجرىمىز ھېچقاچان زايا بولۇپ كەتمەيدۇ. ھامان بىر كۈن زەپەر بىز بىلەن بىرگە. خەلقىمىزدىمۇ «سەۋەپ قىل، تەلەپ قىل» دېگەن گەپ بارغۇ!

---

[1] سۈرە ھۇد: 104 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە: 214 ـ ئايەت.



# ئەتىگەندە ئۇخلىسا رىزقى كېمىيىپ كېتەمدۇ؟

پەتىۋادا: دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

سوئال: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۇستاز! ئەتىگەندە بامدات ۋاقتىدا بامدات ئوقۇپ ياكى ئوقۇماي ئۇخلىسا رىزقى كېمىيىپ كېتەمدۇ؟ خەلق ئارىسىدا شۇنداق گەپ بار. بۇنىڭ ئىسلامدا ئاساسى بارمۇ؟ دەلىلى بىلەن جاۋاپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ:

بارلىق ھەمدۇسانا جانابى ئاللاھقا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا تا قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت ـ سالاملار بولسۇن.

ئۇيقۇ نېمىتى جانابى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سان ـ ساناقسىز نېمەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇيقۇ جاننىڭ ئارامى، تەننىڭ راھىتىدۇر. ئىنسان ئۇيقۇدىن ئىبارەت بۇ نېمەتتىن مۇۋاپىق بەھىر ئالمىغان تەقدىردە ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنى جايىدا ئادا قىلالمايدۇ. بەلكى، مەزكۇر نېمەتتىن مۇۋاپىق مىقداردا بەھرلەنمەسلىك ئىنساننى زەئىپلىككە، كېسەللىككە، ھەتتا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيقۇنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ كېچە پەيتكە توغرىلىنىپ بېكىتىلىشىدە ئاجايىپ ھېكمەت ۋە ھەقىقەتلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، جانابى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانىدىكى ئۇشبۇ نېمەت ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كېچىنى يارىتىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن ئاللاھتۇر. شەكسىزكى، (ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا) قۇلاق سالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار». ①

«ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى يېپىنچا، ئۇيقۇنى ئىستىراھەت، كۈندۈزنى

① سۈرە يۇنۇس 67 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

(تىرىكچىلىك ئۈچۈن تارقىلىدىغان ۋاقىت قىلغان زاتتۇر». [1]

دەرۋەقە، كېچىسى بالدۇر ئۇخلاش ئىنسان بەدىنى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ئىنسان پىترىتى ۋە تەبىئىتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن ماس كېلىدىغان بىرخىل ھادىسە. شۇڭا دېيىمىزكى، ئۇيقۇ ئىنسان بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان فىزىئولوگىيىلىك ھالەت بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە كىشىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنىڭ ئاساسى، ماددىي ۋە مەنىۋى ئوزۇقىدۇر.

شۇنداقلا، يۇقىرىقى ئايەتتىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان نېمەتلەر قاتارى ″ئۇيقۇ″ دىن ئىبارەت بۇ نېمەتكە يوشۇرۇنغان ھېكمەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىنساننى ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ياراتقۇچىسى ھەققىدىكى بۈيۈك ھەقىقەتلەرنى بايقاپ چىقىشقا، ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ مەنبەسىنى بىلىشكە يېتەكلەيدۇ.

ئۇيقۇ بۈيۈك نېمەت بولغىنىدەك، ئۇيقۇدىن مۇۋاپىق بەھرىلەنمەك، ئۇيقۇنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقىلىقى ئارىسىدا جىسمانىي ئېھتىياج ۋە مۇۋازىنەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. ئىسلام شەرىئىتى كۆرسەتمىلىرىدە جىسمانىي ئېھتىياج ۋە ئۇيقۇدىكى مۇۋازىنەتكە ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلەنگەن، شۇنداقلا، سالامەتلىككە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئۇيقۇ بىلەن ئىش ـ ئەمەل ۋە ئىبادەت ئارىسىنى تەقسىملەشمۇ تەكىتلەنگەن ھەمدە مۇۋازىنەتتىن چىقىپ كەتمىگەن ھالدا ئۇيقۇ ۋە ئىبادەت ئارىسىنى تەقسىملەش ئەمىر قىلىنغان. شۇڭلاشقا، شەرىئەتتە ئىبادەتتىن مەھرۇم قۇيغۇچى نورمىدىن ئارتۇق ئۇيقۇمۇ، جىسمانىيەتنى بۇزغۇچى ئۇيقۇسىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىبادەتمۇ چەكلەنگەندۇر.

شەرىئەتتە يولغا قويۇلغىنى ئۇيقۇ ۋە ئىبادەت ئارىسىنى تەقسىمەش، ئۇيقۇ ۋە ئىبادەتنى بىر كېچىدە جەملەشكە توغرا كەلگەندە ئۇيقۇ ئارقىلىق تەننىڭ ھەققىنى بەرگەن ئاساستا ئىبادەت ئىستەكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بۇيرۇلغان. بۇ خۇسۇستا پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەربىرىمىزنىڭ ئۈلگىسى بولغاندۇر.

ھەدىسلەر بىزگە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا تۇرۇپ بامداتقىچە ئون بىر رەكەت قىيامدا تۇراتتى. بىلال ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ، مەسچىتكە چىقىپ بامداتنى ئوقۇيتتى». [2]

ئۇنداقتا، ئىبادەتكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئۇخلاش، بولۇپمۇ ئەتىگەنلىك ۋاقىتنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزۈش مۆئمىن بەندىگە بىرەر سەلبىيلىك ئېلىپ كېلەمدۇ؟

مەلۇمكى، سەھەر ۋاقتى بامدات نامىزنى قولدىن بېرىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ئىسلام دىنىدىكى ئەقەللىي ساۋات خاراكتېرلىك ئەھكاملار جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. ئەمدى بامداتتىن يېنىپ

---

[1] سۈرە فۇرقان 47 ـ ئايەت.

[2] ″سەھىھۇل بۇخارى″ 4569 ـ ھەدىس.

ئۇخلاش مەسىلىسىگە كېلىدىغان بولساق، شەرئى ئەھكام نۇقتىسىدىن ئالىملار گەرچە ئۇنى مۇتلەق چەكلىمىگەن بولسىمۇ، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەڭگىلگىنە پىكىر ئوخشاشماسلىقى بولغان. ھەر تەرەپ قايسى ۋاقىتتا ۋە قانداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش ھەققىدىكى خۇسۇسلاردا دەلىللەرگە تايانغان ئاساستا ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقاندۇر. سەھەرنى ئۇيقۇ بىلەن كۆتۈۋېلىشنىڭ، بولۇپمۇ بامداتتىن كېيىنكى ئەتىگەنلىك باشلىنىشىنى ئۇيقۇغا تېگىشىۋېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە ئالاقىدار بەزى فىقھى قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما ھېچبىر ئۆلىما بامداتتىن كېيىن ئۇخلاشقا مۇتلەق چەكلەش بېكىتكەن ئەمەس.

بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرگە قارايلى! رەسۇلۇللاھنىڭ بامداتتىن كېيىنكى پائالىيىتى ھەققىدە جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن چىققۇچە بامداتنى ئوقۇغان يېرىدىن قوپمايتتى». ①

دېمەككى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتتىن كېيىنكى ئەتىگەنلىك پەيتنى ئۇيقۇ بىلەن باشلىماستىن ئىبادەت ماكانىدىكى ئىستىقامەتتىن باشلىغاندۇر.

يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بامداتتىن كېيىنكى چاغنى «رىزقلار تەقسىم قىلىنىدىغان چاغ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ② چۈنكى بۇ چاغ شەرىئەتتىمۇ، ئاقىللارنىڭ ئادىتىدىمۇ رىزق تەلەپ قىلىشنى ۋە تىرىكچىلىكنى باشلايدىغان چاغدۇر.

مەسىلىگە فىقھى ئەھكاملار نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن بامداتتىن كېيىن ئۇخلاش مەسىلىسىدە مەكروھلۇق ۋە مەكروھ ئەمەسلىكىدەك ئىككى خىل قاراشقا ئايرىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسلەن، زۇبەير ئىبنۇل ئەۋۋام، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، خەۋۋات ئىبنى جۇبەير، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، تابىئىنلاردىن ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير، سالىم ۋە مەكھۇل قاتارلىق ئالىملار بامداتتىن كېيىن ئۇخلاشنى مەكروھ دەپ قارىغان. ③

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى دەيدۇ: «ئۇيقۇنىڭ ئەڭ پايدىلىقى ئۇيقۇغا قاتتىق ئېھتىياج بولغان چاغدىكىسى بولۇپ، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدىكى ئۇيقۇ كېچىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇيقۇغا قارىغاندا ياخشى ھەم پايدىلىقراقتۇر، كۈندۈزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاش ئۇنىڭ ئەۋۋىلى بىلەن ئاخىرىدا ئۇخلاشتىن پايدىلىقراقتۇر، ئۇيقۇ كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلى بىلەن ئاخىرىغا يېقىن بولغانسېرى پايدىسى ئازلاپ زىيىنى كۆپىيىدۇ. بولۇپمۇ ئەسردىن كېيىنكى ئۇخلاش بىلەن كېچىسى تۈنىگەن كىشىدىن باشقا كىشىگە نىسبەتەن كۈندۈزنىڭ دەسلىپىدە ئۇخلاش تېخىمۇ شۇنداق. بامدات نامىزى بىلەن كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇخلاش ئالىملارنىڭ نەزىرىدە مەكروھ دەپ قارالغان

① "سەھىھۇ مۇسلىم" 670 ـ ھەدىس.
② "زادۇل مەئاد" 242/4.
③ "مۇسانىنفى ئىبنى ئەبى شەيبە" 222/5. 25448 ـ 25441، 26677 ـ نومۇرلار.

www.uyghurkitap.com

ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى بۇ غەنىيمەت ۋاقىتدۇر. يولغا چىققانلار ئاشۇ چاغدا يول مېڭىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلار كېچىچە يول يۈرگەن بولسىمۇ كۈن چىققۇچە بولغان ئاشۇ ئارىلىقتا توختىۋېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. چۈنكى بۇ كۈندۈزنىڭ باشلىنىشى، رىزىقنىڭ ئاچقۇچى، رىزىقلارنىڭ چۈشۈش، تەقسىملىنىش ۋە بەرىكەت ۋاقتىدۇر. كۈندۈزنىڭ باشقا قىسمىنىڭ ھۆكمى ئاشۇ چاغقا كۆرە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ چاغدا ئۇخلاش زۆرۈر تېپىلسا ئۇخلاش لازىم». [1]

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەھلى ئىلىملەردىن بەزىلەر كېچە ئۇيقۇسىز قالمىغان كىشى ئۈچۈن بامداتتىن كېيىن ئۇخلاشنى مەكرۇھ دېيىشكەن ۋە ئۇلار بۇنداق دېيىشىدە تۆۋەندىكىلەرگە تايانغان:

بىرىنچىدىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇخلاش ۋە ئويغاق تۇرۇش سۈننىتىگە زىت.

ئىككىنچىدىن: بۇ چاغدا ئۇخلاش تەن ـ سالامەتكە زىيانلىق.

ئۈچىنچىدىن: بۇ چاغ رىزىق تەقسىم قىلىنىدىغان چاغ دەپ قارىلىدۇ.

يەنە ئائىشە، ئۇمۇ سەلەمە، ئۆمەر، سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، تابىئىنلاردىن ئىبنى سىيرىن قاتارلىق ئالىملار بامداتتىن كېيىن ئۇخلىسا بولىدۇ، مەكرۇھ ئەمەس، دەپ قارىغان. [2]

بۇ قاراشنى تۇتقان ئالىملار: مەكرۇھلۇققا دەلىل يوق، رىزىقنى توسىدىغانلىقىمۇ سەھىھ دەلىل يوق، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. [3]

يۇقىرىقى ئىككى قاراش بايانلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، كېچە ئۇيقۇسىز قالغان كىشى ئۇيقۇغا ئېھتىياجى بولسا، بامداتتىن كېيىن ئۇخلىسا مەكرۇھ بولمايدىغانلىقىدا بارلىق ئالىملار ئىتتىپاق. شۇنداقلا ئۇيقۇغا قانغان ئەھۋالدا، ئىشقا تەسىر يەتمەيدىغان بولسا، بامداتتىن كېيىن ئۇخلىماي كۈن چىققۇچە مەسجىدتە ياكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتسا ئەۋزەل ئىكەنلىكىدىمۇ ئىتتىپاق. پەقەتلا كېيىنكى ئەھۋالدا ئۇخلىسا مەكرۇھ بولىدىغانلىقىدا قاراش ئوخشاش ئەمەس.

دەرۋەقە، بۇ ۋاقىتتا رىزىق تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە سەھىھ دەلىل يوق بولۇپ، بامداتتىن كېيىن ئۇخلاش ياكى ئۇخلىماسلىق مەسىلىسىدە يۇقىرىقى ھەر ئىككى تەرەپ قاراشلىرىدىكى مەقسەتلەرگە رىئايە قىلىنىمىزدا، ھەر ئىككى تەرەپ قاراشلىرىنىڭ ئۆز ئورنىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپى بارلىقىنى دەللەيمىز. يەنى ھەر ئىككى قاراش ئەھلىدە ھېچقاچان زۆرۈرىيەتسىز ھالدا ئۇخلاشنى ئادەت قىلىشقا مەدھىيە يوق ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىزلا بىزنىڭ مەزكۇر مەسىلىنى دەۋرىمىزدىكى ئەمەلىي شارائىت ۋە ئېھتىياجىمىز ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرساق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە

---

[1] "مەدارىجۇسسالىكىن" 1/459.

[2] "مۇساننىفى ئىبنى ئەبى شەيبە" 5/222. 25449 ـ 25454 ـ نومۇرلار.

[3] "ئەلفەۋاكىھۇددەۋانى" 1/198 "ئەلئادابۇششەرئىييە" 3/147.

كېلىپ بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئومۇم كىشىلەرنىڭ ئىشلەش ۋاقىتلىرىمۇ بۇرۇنقى زاماندىكىگە ئوخشاش بولمايۋاتىدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا توك بولمىغاچقا بۇرۇن ئۇخلاپ تاڭ يورۇشى بىلەن تىرىكچىلىككە تۇتۇش قىلىدىغان بولسا، توك پەيدا بولغاندىن كېيىن بەزىلەر كېچە ئىشلىسە، بەزىلەر چۈشتىن كېيىن ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە ئۇخلاش ۋە ئارام مەسىلىسى خىزمەت ۋاقتى بىلەن ئەتراپتىكى مۇھىتقا ۋە ئىنساننىڭ كۈندىلىك ئەھۋالىغا باغلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. كەچ يېتىش ئومۇملىشىپ كەتكەن بولغاچقا، كېچە قىسقا پەسىللەردە ياكى ئەرەب دىيارلىرىدا بامداتنى خېلى بۇرۇنلا ئوقۇغاچقا ئىشقا ياكى ئوقۇشقا ماڭغۇچە خېلى ئارىلىق بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئازراق ئۇخلىۋالمىسا، پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇشى ياكى ئىشىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ.

شۇڭلاشقا دەيمىزكى، بامداتتىن كېيىن ئۇخلىمىغان ئەھۋالدا ئوقۇشى ياكى ئىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بولسا، ئۇخلىسا مەكرۇھ بولمايدۇ. تەسىر يەتكۈزمەيدىغان بولسا زىكىر ۋە تەسبىھ ياكى ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئەۋزەل. ئۇنداق قىلماي ئۇخلىسا گۇناھ بولمايدۇ.

بەزى ئالىملارنىڭ بۇ چاغدا ئۇخلىمىسا پىسخىك ۋە ساغلاملىق جەھەتتىن پايدىلىق دېگەن قارىشى تېببىي ۋە پسىخىك ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا قاراشلىق بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بامداتتىن كېيىن ئۇخلىماي ئولتۇرۇشنى تاللىشى بۇنىڭ ھەر جەھەتتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بامداتتىن كېيىن ئۇخلىماسلىقنىڭ پايدىلىقتۇر دېگەنلىك «ئۇخلىماسلىق ئەۋزەل»، «ئۇخلىسا گۇناھ بولمايدۇ»، دېگەن يەكۈنگە زىت كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ساغلاملىق جەھەتتىن بەدەننىڭ ئۇيقۇغا ئېھتىياجى بولغان چاغدا ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋېلىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇخلاشنىڭ مەكرۇھ بولماسلىقنى ھەدىستە كەلگەن بۇ كۆرسەتمىمۇ تەكىتلەيدۇ: «رەببىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار، نەپسىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار، ئەھلىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار. شۇڭا ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بېرىشىڭ كېرەك».① بەلكى تېخى بۇ ھەدىسكە كۆرە ئۇيقۇغا ئېھتىياجى بولغان چاغدا ئۇخلاش ئادا قىلىنىشى ۋاجىپ بولغان بىر ھەق قاتارىغا كىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

بۇ مەزمۇننى ھەزرىتى ئۆمەر ۋە سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ چۈشىنىشىگە قارايلى: ئەبۇ يەزىد ئەلمەدىيني مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئەتىگىنى ھەزرىتى ئۆمەر سۇھەيبنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭ ئەتىگەنلىكى ئۇخلاۋاتقانلىقنى كۆرگەن ئۆمەر ئۇ ئويغانغانغا قەدەر ئولتۇرۇپ تۇردى. سۇھەيب ئويغۇنۇپ: مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى يەردە ئولتۇرسا، سۇھەيب ئەتىگەندە ئۇخلىغىنى قانداق بولغىنى؟ دېۋىدى، ھەزرىتى ئۆمەر: سېنى ئارام ئالدۇرىدىغان ئۇيقۇنى تاشلاپ قويۇشۇڭنى ياقتۇرمىغان

① "سەھىھۇل بۇخارى" 1968 ـ ھەدىس.

ئىدىم، دەپ جاۋاب بەردى.[①]

ئەسىردىن كېيىن ئۇخلاش مەسىلىسىدىمۇ ھۆكۈم ئوخشاش. بۇ چاغدا ئۇخلاشنى چەكلەيدىغان سەھىھ دەلىل يوق. ئۇيقۇغا ئېھتىياج بولسا ئۇخلىسا بولىدۇ.

ئۇخلاشنىڭ ئۆزىمۇ نىيەت جايىدا بولسا ئىبادەت تۈسىنى ئالىدىغان بولغاچقا، كۆڭۈل يۇقىرىقى ھۆكۈمگە تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. بۇ ھەقتە سەھىھ ۋە ئېنىق بىر چەكلىمە بولمىغاچقا ئىلگىرىكى ئۆلىمالىرىمىزمۇ شۇنداق چۈشەنگەن.

مەرۋان مىسىر فەقىھى (يەنى فىقھشۇناس ئالىمى) لەيس ئىبنى سەئد رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ رامىزاندا ئەسىردىن كېيىن ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇل ھارىس! ئىبنى لەھىيئە ئەقىلدىن، ئۇ مەكھۇلدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «كىمكى ئەسىردىن كېيىن ئۇخلاپ ئەقلىدىن كېتىپ قالسا، ئۆزىدىن باشقىنى ئەيىبلىمىگەي» دەپ رىۋايەت قىلغان تۇرسا، ئۆزلىرى ئەسىردىن كېيىن ئۇخلاپلىغۇ؟ دېگەندە، ئىمام لەيس ئۇنىڭغا: مەن ئىبنى لەھىيئە ئەقىلدىن قىلغان رىۋايەتكە ئاساسەن ئۆزۈمگە پايدىلىق بولغان ئىشنى تاشلىمايمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن.[②]

ۋەللاھۇ ئەئلەم

[①] ”مۇساننەفى ئىبنى ئەبى شەيبە“ 223/5. 25454-نومۇر.

[②] ”ئەلكامىل“ - ئىبنى ئەدىي 145/4. ئىمام لەيس: ”بۇ سەنەد ئاجىز“ دېمەكچى.

## ئىنتىلىش ھاياتلىقنىڭ ماتورىدۇر

ياپونلۇقلار قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا، يۇمران يېڭى بېلىق يېيىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. لېكىن بېلىقلار ياپون ئاراللىرىغا ئانچە يېقىن جايلاردا ياشىمايتتى. شۇڭا بېلىقچىلار دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا كىرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ ناھايىتى چوڭ قېيىقلارنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى. بېلىقچىلار دېڭىزغا قانچە ئۇزاقلاپ كەتكەنسېرى قىرغاققا قايتىشى شۇنچە كېچىكەتتى-دە، بېلىقلار يېڭى بولماي قالاتتى. ئۇلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قولۋاقلارنىڭ ئۈستىگە توڭلاتقۇ ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن بۇمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى. چۈنكى خېرىدارلار يېڭى بېلىق بىلەن توڭلىتىلغان بېلىقنى قارايلا پەرقلەندۈرەلەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر بېلىقچى قىرغاققا قايتقۇچە بېلىقلارنىڭ تىرىك تۇرۇشى ئۈچۈن بېلىق كېمىسىنىڭ ئۈستىگە بىر كۆلچەك ياساپ، تۇتقان بېلىقلارنى شۇ كۆلچەككە سېلىشنى قارار قىلدى. شۇغىنىسى كۆلچەكلەر كىچىك، يەنە كېلىپ بېلىقلار ئۇزاق ۋاقىت سولاقلىق تۇرسۇۋەرگەچكە بەزىدە ئۆلۈپ قالاتتى-دە، خېرىدارلار ئۆلۈك بېلىق ئىكەن دەپ ئالمايتتى.

ئاخىرىدا ياپونلۇق بېلىقچىلار كېمىدىكى ھېلىقى كۆلچەككە كىچىك بىر لەھەڭ سېلىپ قويۇشتى. لەھەڭ گەرچە باشقا بېلىقلارغا زىيان يەتكۈزمەيتتى، لېكىن باشقا بېلىقلار لەھەڭدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى.

بېلىقچىلار مانا شۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خېرىدارلىرىنى يېڭى بېلىقلار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى.

دەرھەقىقەت ئىنساننىڭ تەلپۈنۈشلىرى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرى خۇددى باشقا بېلىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەندەك لەھەڭدەك ئىنساننى ئالدىغا ئىتتىرىدىغان كۈچتۇر.

- داۋامى 78-بەتتە...



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى




ئۆزىگە ئىشىنىش دېگەنلىك، ئىنسان ئۆزىنىڭ گەپ ـ سۆزى، ئىش ھەرىكەتلىرى ۋە ھاياتىدا دۇچ كەلگەن بارلىق قىيىن شارائىتلاردا ئۆز قابىلىيىتى ۋە ئىمكانىيەتلىرىگە ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۆزىگە ئىشىنىش ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە غەلىبىگە ئېرىشىش، جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىكلەردىن خالىي ساغلام كىشىلىك يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

## ئۆزىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى:

1 ـ ئۆزىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى بىردەك قوبۇل قىلىدۇ. سەلبىي تەرەپلىرىدىن ئۆرتىنىپ بىئارام بولمايدۇ. ئالاھىدىلىكلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ كېرىلىپ كەتمەيدۇ.

2 ـ ئۆزىدىكى قابىلىيەت، تالانت ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ. كەلگۈسى نىشان ـ مەقسەتلىرى بىلەن قابىلىيىتى، تالانت ۋە ئىمكانىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ساقلىيالايدۇ. ھىممەتسىز ئېزىلەڭگۈ بولمايدۇ. ھەددىدىن زىيادە ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئاخىرىغا چىقىرالمايدىغان ئىشقا تۇتۇش قىلمايدۇ.

3 ـ باشقىلارنىڭ تەنقىدلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. تەنقىد قىلىنسا بىئارام بولماستىن، مۇمكىنقەدەر پايدىلىنىشقا ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

4 ـ ھەر ئىشنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىدۇ، مەسئۇلىيەتتىن قاچمايدۇ. ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئۆز ئىشىدا ياكى كەسپىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ھەرقانداق ئىشنى مۇكەممەل ۋە تولۇق ئادا قىلىدۇ.

5 ـ تەمكىن، ئېغىر بېسىق، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. تېز ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىدۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن چۈشىنىشىدۇ، ئۇلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

6 ـ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى شىجائەتلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇتۇقلۇق بولغان ئىشلىرى ئۈچۈن رەببىگە شۈكرى ئېيتىدۇ. قەتئىي مەغرۇرلانمايدۇ. ئەگەر مەغلۇبىيەتكە يولۇقسا مەيۇسلەنمەستىن غەلىبە ئۈچۈن يېڭىدىن كۈرەشنى باشلايدۇ. ئىنساندىكى ئۆزىگە ئىشىنىش ئالاھىدىلىكى تۇغۇلما بولماستىن، بەلكى ئىنسان ئۆمرىنىڭ ھەرخىل باسقۇچلىرىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ئىنساندىكى ئۆزىگە ئىشىنىش ئالاھىدىلىكىنىڭ يېتىلىشىدە بالىلىق باسقۇچىنىڭ ئالاھىدە تەسىرى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇسۇپ يېتىلگەن ساغلام مۇھىت بالىلارنىڭ قەلبىگە ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئۆزىگە تايىنىش ئېڭىنى سىڭدۈرىدۇ. ئەمما ساغلام مۇھىتتا ئۇسۇپ يېتىلمىگەن بالىلاردا ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئىشىنىش ئېڭى ناھايىتى ئاجىز ياكى يوق دېيەرلىك بولىدۇ. بۇنداق بالىلار باشقىلارغىمۇ ئىشەنمەيدىغان، باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەگەر بالىلارنىڭ قەلبىدە كىچىكلىكىدىن باشلاپلا ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىدىكى تالانتلارنى بايقاش ۋە قەدىرلەش ئېڭى يېتىلسە، چوڭ بولغاندا ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمما بالىلىق دەۋرى تەنقىد، قاتتىق قوللۇق ياكى سوغۇق مۇئامىلە ئاستىدا ئۆتسە، ئۇنىڭدىكى ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭى تۆۋەن، باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ناھايىتى زىل، ئىشىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى كۆپ ئويلايدىغان، ئۆزىگە ۋە تالانتىغا ئىشىنىش ئېڭى تۆۋەن ھالدا چوڭ بولىدۇ. لېكىن مۇنداق دېگەنلىك كىشى ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىگە تەسلىم بولۇشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئۆزىدىكى ھەممە ئىشنىڭ قېيىن ۋە مۈمكىن بولمايدىغان تەرىپىنى ئويلاش چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەسىلىلەرگە ئىجابىي تەرەپتىن قاراش، ئۆزىدىكى قابىلىيەت ۋە تالانتلارنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ئىشىنىش ئالاھىدىلىكىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

## ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى قەدىرلەش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىللىرى:

1 ـ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش: چۈنكى مۆئمىن ياردەم ۋە كۈچ قۇۋۋەتنى ئاللاھ تائالادىن تەلەپ قىلىدۇ ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا تايىنىدۇ، پەقەت ئاللاھتىنلا قورقىدۇ، ئاللاھدىن باشقىسىدىن بىر نەرسە ئۈمىد قىلمايدۇ. ئاللاھقا ھەقىقىي ئىشەنگەن مۆئمىننىڭ دائىمىي شوئارى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ روھىغا مۇۋاپىق بولىدۇ. «ئاللاھ ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى ئاللاھقا يۆلەندىم، تىن باشقا ھېچ ئەھەددىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەددىن قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر».[1]

---

[1] سۈرە تەۋبە 129 ـ ئايەت.

«شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا مەن تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر. پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ، ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ)». [1]

چۈنكى، ئۇ ھەر قانداق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۆزىگە ئىشىنىدۇ.

«مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن». [2]

## 2 - ئۆزىنىڭ پروگراممىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىش:

ئۆزىنى بىلىش - ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنىڭ سەلبىي ۋە ئىجابىي تەرەپلىرىنى بىلىشى ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزگەرتىشكە تىرىشىشى كېرەك.

جۈملىدىن كىشى ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك ياكى قورقۇنچلۇق دەپ قارالغان ئىشلارغىمۇ دادىل قەدەم بېسىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، ئارزۇ - ئۈمىتلىرىدە تەۋەككۈلچىلىقنى ساقلىشى، ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ئەگىشىش ياكى ئېرىپ يوق بولۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. چۈنكى ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ئەگىشىش ئۇ كىشىنىڭ شەخسىيىتىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ يوقلۇقىغا دالالەت قىلىدۇ. ھەق بولسۇن ياكى باتىل بولسۇن ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ئەگىشىش ياكى قۇيرۇقلۇق رولىنى ئېلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە ئىنساننى ھالاك قىلغۇچى ئادەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: « ھەرقاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟». [3]

## 3 - ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلەش:

ئەگەر ئىنسان ئۆزىگە مەن ئېھتىرام قىلىشقا، ياخشى كۆرۈشكە ۋە تەقدىرلەشكە لايىق كىشى دەپ باھا بەرسە ياكى شۇنداق قارىسا چوقۇم شۇنىڭغا يارىشا ئىش - پائالىيەتلەردە بولىدۇ - دە، غەلىبە قىلىدۇ. ئەمما ئۆزىگە بولغان باھاسى بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا بۇنداق كىشى مەغلۇپ بولىدۇ. ئىش ھەرىكەتلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۆزىگە بولغان

[1] سۇرە ھۇد 56 - ئايەت.

[2] سۇرە ھۇد 88 - ئايەت.

[3] سۇرە بەقەرە 170 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ، باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىش قابىلىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مەغلۇپ بولۇشتىن ئەنسىرەپ ھەرقانداق بىر ئىشقا قول تىقىشتىن ئىككىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەر ئۆزىدە ئاكتىپچانلىق روھى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۆزىدە پەيدا بولغان ئىلگىرىلەش ۋە يۈكسىلىشلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەدرىجى ھالدا ئۆزىنى چۈشكۈنلۈك ۋە پاسسىپلىق ئەۋرەزلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىشى لازىم.

### 4 - ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارلارنى بايقاش:

بىزنىڭ ھەر بىرىمىزدە سىرىنى پەقەت ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان يوشۇرۇن كۈچ ۋە ناھايىتى چوڭ قابىلىيەت بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمى تەتقىقاتلار يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى قابىلىيىتىدىن پەقەت 40%نىلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئىنسانلار ئۆزىدە بار قابىلىيەتنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق بولالايدىغانلا بولسا، كائىناتتا ۋە ئەتراپىمىزدا ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئىنساندىكى يوشۇرۇن كۈچ ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ ئىقتىدارنى سەلبىي ياكى ئىجابىي شەكىلدە ئىشلىتىش شۇ كىشىنىڭ ئىمكانىيىتىدىكى بىر ئىش.

ئادەملەردىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ ئاكتىپ ئىنېرگىيە تارقىتىشى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش ۋە ھالىنى تېخىمۇ ياخشىلاشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. يوشۇرۇن كۈچىدىن ئاكتىپ ئېنېرگىيە قوبۇل قىلغان ئادەملەرلا ئۆزىدە پەزىلەت ۋە ئېسىل ئەخلاق روھىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. بۇنداق روھ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى يوشۇرۇن كۈچىمىزگە قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان ئىجابىي تەسىرلەردىن زەررەتلىشىمىز ۋە ھەر بىر قەدەملىرىمىزدە يۈكسەك، ئالىيجاناب پەزىلەتلەرگە يېقىنلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

### 5 - ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرگە دادىل يۈزلىنىش:

ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، ئاجىز ھېس قىلىش، مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇلارنىڭ غەلىبىسىگە يول ئاچقان. بۇ خىلدىكى كىشىلەر مەغلۇبىيەتنى غەلىبىنىڭ تۇنجى قەدىمى ياكى بىشارىتى دەپ بىلىدۇ. ئۇلار يىقىلغان يېرىدىن دەس تۇرۇشنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر. شۇنى بىلىش كېرەككى، مەڭگۈ مەغلۇپ بولمايدىغان كىشى ھېچ ئىش قىلمايدىغان كىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىنىڭ ماتورىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىلگىرىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ، ھاياتلىقنىڭ ئوخشىمىغان ئۆڭغۇل-دۆڭغۇللىرى ئۈچۈن ياخشى ئىددىيىۋىي تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. چۈنكى ئۆزىگە ئىشىنىش مۇستەھكەم ئىرادە، سەۋر، چىداملىقلىق دېگەندەك ھەقىقى مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىزگە ئەڭ مۇھىم

بولغىنى، ھاياتتا ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىماسلىق ياكى مەغلۇب بولماسلىق ئەمەس، بەلكى شۇ زىيان ۋە مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ ۋە شۇنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ غەلىبىگە ئىنتىلىشتۇر.

## 6 ـ چىدامچانلىق ۋە ئالىي ھىممەت:

ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن ئالىي ھىممەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك مۇناسىۋەت بار. بۇ ھەقتە مۇتەنەببىينىڭ مۇنداق گۈزەل مىسرالىرى بار:

قانچىكى زور بولسا چىدام ۋە تاقەت،
شۇنچىغا يارىشا بولاركەن ھىممەت.
(شۇ مىسال) كىلەركەن پەزىلەتلەرمۇ،
قانچىكى بولسا (ھەم ئۇنچىدا) خىسلەت.
ئەرزىمەس، ئانچىكى كىچىك نەرسىلەر،
كىچىكلەر كۆزىگە كۆرۈنەر ھەيۋەت.
چوڭلارنىڭ كۆزىگە چوڭ ـ چوڭ نەرسىمۇ،
ئانچە چوڭ كۆرۈنۈپ كەتمەيدۇ پەقەت.

شۇڭا بىز غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە تەلەپنى يۇقىرى قويۇشىمىز، ئۆزىمىزنى مەزكۇر مىسرالاردا تىلغا ئېلىنغان «چوڭلار» دەپ قىياس قىلىپ، ئۇششاق، پەسپەلەڭ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز تولىمۇ مۇھىم. شۇنداقلا مەيلى ئىلمىي تەتقىقات ياكى ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلاردا زادى بىر ساھەنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىشقا، كەسپلىشش ۋە مۇتەخەسسىسلىششكە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇ چاغدىلا ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىنىرگىيەلىرىنى ھەقىقى قىممەتكە ئايلاندۇرغان ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ھەق يولغا باشلىغان ئالىملارغا خوپ،
تاج كەبى يارىشار پەخرى ـ ئىپتىخار.
ئىنسانىنىڭ قىممىتى ياخشىلىق بىلەن،
جاھىللار ئالىمدىن بىزاردۇر، بىزار.
ئىلىم ئال، نىجات تاپ، ياشىغىن مەڭگۈ،
بارچە خەق ئۆلسىمۇ، ئالىملا ياشار.

## 7 ـ پىلاننى ياخشى قىلىش:

ئۆزىگە ئىشىنىش ئىڭىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەمچى بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى كەلگۈسى نىشان ۋە غايىلەرنى بىلىش ۋە ئۇنى شەخسى، ئىجتىمائىي ۋە خىزمەتتىكى مۇھىملىق دەرىجىسىگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇش. مۇناسىپ ۋاقىت ۋە مۇناسىپ يول بىلەن نىشان ۋە مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ ئىجرا قىلىش. بۇ ئىش ۋاقىتقا قارىتا ھېكمەتلىك بولۇشنى، ۋاقىتنى ياخشى ئىدارە قىلىشنى، ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ زايە قىلىشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلار، ئالىملار ۋە تالانت ئىگىلىرىنىڭ تەجرىبىلرى ۋاقىتنى ياخشى ئىدارە قىلىش ۋە پلان بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشنىڭ نەتىجە ۋە غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئامل ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ۋاقىتتىن پىلانلىق ۋە رەتلىك ھالدا پايدىلىنىش كىشنى ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئادەمنى غايە ۋە مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈپ ئۆزىدىكى ئىمكانىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com




ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئايالى، ئاbbاسىيە خەلىپىلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇ جەفەر مەنسۇرنىڭ نەۋرىسىدۇر.

ئۇنىڭ ھەقىقى ئىسمى ئەمەتۇل ئەزىز بىنتى جەفەر مەنسۇر ھاشىمىيەدۇر. ئۇنىڭ بەدىنى ناھايىتى ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قېتىققا ئوخشىتىپ، زۇبەيدە دەپ كۇنيە قويغان.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ئاbbاسىيە خەلىپىلىكىدىكى ئەڭ داڭلىق ۋە ئەڭ مۇھىم ئايال ئىدى. ئۇ ئاكىسى مەئمۇننىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىشەنچلىك خەلىپەنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇنىڭ خەلىپىلىكتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولغاندۇر. بۇ يەرە «ھەر قانداق بۈيۈك ئەرنىڭ ئارقىسىدا بىر ئايال بار» دېگەن مىسال ئەقلىگە كېلىدۇ.

خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئارقىسىدا ئىككى ئايال بار ئىدى. بىرى ئانىسى خەيزۇران خېنىم، ئىككىنچىسى ئايالى زۇبەيدە خېنىمدۇر. بىز ھازىر ھاياتىنى ئوقۇماقچى بولغان زۇبەيدە خېنىم بولسا، ناھايىتىمۇ گۈزەل، سۆزگە ئۇستا، ئۆتكۈر ئەقىللىق، توغرا پىكىرلىك، پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئۇستاز ئايال بولۇپ، شېئىر يازاتتى، ئەرلەر بىلەن ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ھەر ساھەسىدە مۇنازىرىلىشەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق ئىدى. خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا چوڭ نوپۇز بەرگەن ئىدى. ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرىنچىسى ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەردە ئېرىگە يول كۆرسىتەتتى ۋە ۋەقەلەردە ئۆتكۈر پىكىرلىرى بىلەن ئېرىگە ياردەمچى بولاتتى. ھەقىقەتتە ئۇ ئايال دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى قولدا تۇتاتتى.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم شېئىر-ئەدەبىيات ۋە ئىلىمگە بەك ئەھمىيەت

بېرەتتى. بۇ يولدا نۇرغۇنلىغان مال مۈلكىنى تۆكۈپ تاشلىغان، باغداتقا يۇزلەرچە شائىر، ئەدەب ۋە ئالىملارنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن ئىدى. شۇ چاغدا مەشھۇر بولغان داڭلىق شائىرلار: ئابباس ئىبنى ئەھنەف، ئەبۇ ناۋاس، مۇسلىم ئىبنى ۋەلىد، ئەبۇل ئەتاھىيە، ھۇسەيىن ئىبنى دەھھاك قاتارلىقلار ئىدى. ھېكايە ۋە رومانىدا، خەلەف ئەھمەر، نەسىر ئەدەبىياتى پېشۋاسى جاھىز، تىل ئالىملىرى: خەلىل ئىبنى ئەھمەد، سىبەۋەيھ، ئەخفەش ۋە ئەبۇ ئەمر ئىبنى ئەلائ قاتارلىقلار، دىنى بىلىمدە، ئىمام ئەئزەم ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام ئەۋزائى، ئىمام مالىك قاتارلىقلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن. بۇنىڭدىن باشقا مېدىتسىنادا كۆپلىگەن دوختۇرلار، ئىلىم-پەننىڭ ھەر ساھەسىدە يېتىشكەن داڭلىق ئالىملار كۆپ ئىدى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەندە تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن ھساپسىز مال دۇنيا سەرپ قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، باغداتنى ئىلىمنىڭ قىبلىسى ۋە ئالىملارنىڭ مەركىزى قىلىش ئۈچۈن خىزمىتىلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاخىرىغىچە ئېچىۋەتكەندۇر.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ھارۇن رەشىدنىڭ ھەقىقىي دوستى ۋە سىرداشى بولۇپ، داۋاملىق ئېرىگە ياخشى ۋە پايدىلىق پىكىرلەرنى بېرىپ، كىشىلەرگە ئۇ پىكىرلەرنى ئېرى خەلىپىنىڭ پىكرى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئېرىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى يۈز ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى.

ئۇ ئالاھىدە ئايال ئىدى:

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم خەلىپىنىڭ سەپەرلىرىدە يېنىدا بولۇپ، خىزمىتىنى قىلاتتى. تارىخچىلار: خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ كۆپ ھەج قىلىدىغانلىقىنى، باغدات بىلەن مەككەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى، ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ بۇ ھەج سەپىرىنىڭ بىرىدە ئېرى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى، ھاجىلارنىڭ سۇ تاپالماي قىينالغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇ چاغدا بىر قاچا سۇنىڭ بىر دىنارغا سېتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا كىرىشكەنلىكىنى يازىدۇ.

بۈيۈك تارىخچى ئەبۇل فەرەج ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم مەككىدىكى سۇ قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇستىلارنى توپلاپ، مەككە مۇكەررەمەگە تېز سۇ يەتكۈزۈش ئىشىنى تەتقىق قىلىشنى بۇيرىدى. ئۇستىلار: بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى، ئونلارچە مىل مۇساپىنى كولاپ، تاغلارنى تېشىپ قانال ئېچىش كېرەكلىكىنى ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان چىقىم كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ۋەكىلىنى چاقىرىپ بۇ پىلاننى دەرھال ئىجرا قىلىشنى، بىر كەتمەن سېلىش ئۈچۈن بىر دىنار كەتسىمۇ بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈشنى بۇيرىدى. ئاندىن مالىيە مەسئۇلىنى

چاقىرىپ، ئۇستىلارنىڭ تاغ باغرىدىكى سۇ مەنبەلىرىگە بېرىپ مەككىگە سۇنى ئۇلاشتۇرغىچىلىك كېتىدىغان پۇتكۇل چىقىملىرىنى مۇكاپاتلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىشنى بۇيرىدى. مۇشۇنداق قىلىپ، ئون مىللارچە يىراق تاغلارنىڭ ئارقىسىدىن، قورام تاشلارنىڭ تېگىدىن كارىز كولاپ، ئېرىق ئېچىپ، تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ، پايانسىز چۆللەردىن ئۆتكۈزۈپ، مەككە مۇكەررەمەگە سۇ ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ ئاچتۇرغان بۇ سۇ قانىلى ھازىرمۇ مەۋجۇد بولۇپ، «زۇبەيدە ئۆستىڭى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەككىدە بىر نەچچە يەردە قۇدۇق قازدۇردى. ئۇ قۇدۇقلارمۇ كۈنىمىزگىچە «زۇبەيدە قۇدۇقى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا مەككە بىلەن باغدات يولى ئارىسىدا كۆپلىگەن يەردە قۇدۇق كولاتتى، ئۆيلەر سالدۇردى ۋە فابرىكىلار قۇرغۇزدى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم باغداتتا بىر نەچچە مەسجىد ۋە ساراي ياساتتى.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ ھېلىقى ھەجدە 60 كۈندە ئاللاھ يولىدا بىر مىليون تەڭگىگە چىقىم قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ھەر كۈنى مىڭلارچە تىللا چىقىم قىلاتتى ۋە «ئاللاھنىڭ ساۋابى ھېساپسىزدۇر» دەيتتى.

خەتىب باغدادى: «باغداتنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىدا ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ياخشىلىق يولىغا، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ۋە ئەھلى ئىلىملەرگە ياردەم بېرىش، نامرات-مىسكىنلەرگە خەيرى ئېھسان قىلىش بىلەن تونۇلغاندۇر. ئۇنىڭ مەككە يولىدا ياساتقان فابرىكىلىرى كۆپتۇر. ئۇ مەككە يولىدا كۆپلىگەن يەرگە كۈنىمىزدىكى مېھمان كۈتۈشكە ئوخشايدىغان سارايلارنى ياساتقان. مەلۇمكى، ئۇسساپ قالغان بىر ئادەمنى، ياكى بىر ھايۋاننى سۇغا تويغۇزۇش ياكى قۇدۇق كولاش، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى ساۋاپلىق ئىشتۇر. مۇسۇلمانلارنى بۇنداق ياخشى ئىشقا ئۈندەيدىغان ۋە مۇشۇنداق پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان ھەدىسلەر كۆپ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زەررىچىلىك بىر ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك بىر يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ.»①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم بىر يولدا كېتىۋاتقاندا ئىسسىقتىن قاتتىق ئۇسساپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يولدا بىر قۇدۇق ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچىپ چىقىشىغا بىر ئىتنى كۆردى. ئۇ ئىت قاتتىق ئۇسساپ كەتكىنىدىن توپىلارنى يالاپ، ھاسىراپ تۇراتتى. ئادەم ئۆز ئۆزىگە: بۇ ئىت مەن ئۇسساپ كەتكەندەك قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ، دېدى-دە، قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتۈكىنى سۇغا تولدۇرۇپ، ئۇنى ئاغزىدا چىشلەپ، قۇدۇقتىن چىقىپ ئىتنى

① سۈرە زەلزەلە: 7-8-ئايەتلەر.



www.uyghurkitap.com

سۇغاردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى.» ساھابە كىراملار: يا رەسۇلەللاھ! ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىمۇ ساۋاب بارمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ھەر قانداق جان ئىگىسىگە قىلغان ياخشىلىقتا ساۋاب بار»① دېدى.

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىگە چىن قەلبىدىن ئەمەل قىلغان ھەزرىتى زۇبەيدە باغدات بىلەن مەككە مۇكەررەمە ئوتتۇرىسىدىكى يولنى تۈزىتىپ يولۇچىلار بىلەن ھاجىلارغا خىزمەت قىلىپ، يول بويىچە سۇ، تاماق ۋە ياتاق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان. ھەتتا يوللارنى ياساپ يولۇچىلار قىنالماي ماڭىدىغان قىلغان. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، بۇ يوللار ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، مېڭىش بەك قىيىن بولاتتى. ئەنە شۇ يوللارنىڭ بىرى بولغان كۇپە-مەككە يولى ھازىرمۇ زۇبەيدە يولى دەپ تونۇلىدۇ.

## زۇبەيدە خېنىمنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى:

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ساغلام تەبىئەتلىك زاتتۇر. ئىبنى بەردى مۇنداق دېگەن: «زۇبەيدە، ئۆز زامانىسىنىڭ دىندا، نەسەبتە، گۈزەللىكتە، ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدە ۋە مەشھۇرلۇقتا ئەڭ چوڭ ئايال ئىدى. زۇبەيدە ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، سېخى، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەدىبلەرگە، دوختۇرلارغا ۋە شائىرلارغا ياردەم قىلغان زاتتۇر. ئابباسىيە دەۋرىدە ئاياللار كىيىمىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا كۆپ ھەسسە قوشقاندۇر.

مەلۇم بولۇشىچە، ھەزرىتى زۇبەيدە ھىندىستان ۋە تۈركىستاندىن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن ئەڭ ياخشى يىپەك رەختلەرنى ئەكەلدۈرەتتى. رەختلەرنىڭ رەڭگىنى ناھايىتى تاللاپ ئەڭ چىرايلىقىنى ئالاتتى. ئۇ چاغدىكى ئاياللار بۇرۇن ھېچقانداق بىر ئايال كىيىپ باقمىغان كىيىملەرنى كىيەتتى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ئاياللارنىڭ خوتۇنلۇق ۋە رەھبەرلىك جەھەتتىكى ئورنىنى كۆرستىشتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۈلگۈ بولغاندۇر. ئېرى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ھاياتى ئىشلەش، ئىبادەت ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. بۇمۇ زۇبەيدە خېنىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغاندۇر.

ھارۇن رەشىد ئىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلىدىغان، ئالىملارنى سۆيىدىغان، جىسمانىي ۋە ئەقلىي تەربىيەگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى بولغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئىبادەتلەرگە، پەرز ۋە سۈننەتلەرنى ئادا قىلىشقا كۆپ ۋاقىت ئايرىياتتى. ئۇ قۇرئان ئوقۇغاندا ۋە ساھابە كىراملارنىڭ ھاياتىنى ئوقۇغاندا شۇنداق يىغلاپ كېتەتتى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىممۇ ئېرىگە دۆلەت ئىشلىرىدا، ئۆي-ئائىلە ئىشلىرىدا ھەمدەم بولۇپ، ئۈلگە كۆرسەتكەن ئىدى. تارىخ كىتابلىرىدا زۇبەيدە خېنىم تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاماندا ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ قانچىلىك تەرەققى قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

خەتىب باغدادى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن چۈشۈمدە زۇبەيدەنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا: ئاللاھ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: مەككە يولىدا چېپىلغان بىرىنچى كەتمەن ئۈچۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلدى، دەپ جاۋاپ بەردى.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ ۋاپاتى:

ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ ئايالغا رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ ھاشىم جەمەتىنىڭ قىزلىرىدىن بولمىسىمۇ، ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر خەلىپىسىنى تۇغدى. ئۇنىڭ خىزمەتلىرى ئۆز زامانىسىدىكى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىغا ئومۇملاشتى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ئېرى خەلىپە ھارۇن رەشىد ۋاپات بولغاندىن كېيىن 32 يىل ياشىدى. ھىجرىيەنىڭ 216-يىلى، مىلادىيەنىڭ 831-يىلى دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇ ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلىپە مەئمۇننىڭ ھىمايىسىدە، خۇددى دادىسىنىڭ ھىمايىسىدە ياشىغاندەك ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ياشىدى. خەلىپە مەئمۇن ئۇنى ئانىسىدەك كۆرۈپ، ھۆرمەتلەيتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا دۆلەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ، ئۇنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئىش قىلاتتى. بەزىدە زۇبەيدە خېنىمنىڭ قارىشى ئۆزىنىڭ شەخسىي قارىشىغا زىت بولسىمۇ، زۇبەيدە خېنىمنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلاتتى. بەسرىلىك چوڭ شائىر مۇسلىم ئىبنى ئەمر، زۇبەيدە خېنىم ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭغا مەرسىيە يازغان. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاباسىيىلارنىڭ كۆڭلىدە ھايات ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئالىي بىلىمى ۋە قىلغان چەكسىز خىزمەتلىرىنى ھەر دائىم ئەسلەپ، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا نەقىل قىلىناتتى. مانا بىزمۇ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا 1300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئەسلەپ، ئىش ئىزلىرىنى قىسقىچە خاتىرلەپ ئولتۇرمىز. ياخشىلىق قىلغان كىشى بۇ دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ. ئاللاھ بۇ ئۇلۇغ ئايالدىن رازى بولسۇن، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن. كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمان ھەدە-سىڭىللىرىمىزنىمۇ مۇشۇنداق ئاياللارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، ئاللاھ يولىدا، دىن ۋەتەن يولىدا ياخشى خىزمەتلەرنى قىلغىلى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن.

ئىلاۋە:

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر! مەن زۇبەيدە خېنىمنىڭ ھاياتىنى بۇندىن بىر نەچچە ئاۋۋال يازغان ئىدىم. ھازىر مەككە مۇكەررەمە، مىنا ۋە ئەرەپاتتا زاپاس سۇ مەنبەسى بولۇشى ئۈچۈن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زۇبەيدە قۇدۇقلىرىنى رېمونت قىلىش لايىھەسى ئېلىپ بېرىلماقتا. ئىسلام دۇنيا بىرلىگىنىڭ «ئەل رابىتە» ژۇرنىلى 2015-يىلى ئۆكتەبىر سانىدا بۇ لايىھە مەسئۇلى سۇ مەنبەلىرى پىلانلاش ئىدارىسى مۇدىرى ئىنژېنېر ئۆمەر سىراج ئەبۇ رەزرە

بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان ئىكەن. بۇ يەردە ئۇ سۆھبەتنى قىسقارتىپ ئىلاۋە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

ئوقۇرمەنلەرگە مەككە مۇكەررەمەدىكى زۇبەيدە قۇدۇقلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن بولسىڭىز.

زۇبەيدە خېنىم ھىجرى 174-مىلادى 791-يىلى ھەجگە كەلگەندە ھاجىلارنىڭ قانچىلىك سۇ قىيىنچىلىقى تارتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەرەپاتقا ئېقىن سۇ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپ، بۇ يولدا جىددى ئىشلەپ، ۋادى نۇئمان دېگەن جايدىن ئەرەپات ۋە مۇزدەلىپەگە كارىز ئارقىلىق سۇ ئېلىپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولغان. كېيىن 1571-يىلى ئوسمانىيە پادىشاھلىرىدىن سۇلتان سۇلەيمان خاننىڭ ئايالى خانىم سۇلتان ھەر قايسى ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن مىڭغا يېقىن ئىنژىنىر ۋە بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، زۇبەيدە قۇدۇقلىرىنى رېمونت قىلدۇرغان ۋە بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى مەككە مۇكەررەمەنىڭ ئىچىدە ئەبتەھ، ھۇنەين، مۇئەللا مەھەللىلىرى ۋە ھەرەمگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇ يەردىن سۇ يوللىرى ئارقىلىق مەككىدە 33 ئورۇنغا سۇ تارقىتىش مەركىزى ياساتقان. مەككە خەلقى ۋە ھەج-ئۆمرىگە كەلگەنلەر 1200 يىل مانا مۇشۇ قۇدۇقلارنىڭ سۈيىنى ئىچتى.

زۇبەيدە قۇدۇقى نېمىدىن تەركىپ تاپىدۇ؟

ئەينى ۋاقىتتا يەرنىڭ تېگىدىن ماڭدۇرغان كارىزلاردا ئېقىتىلغان سۇنىڭ يەرگە سىڭىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كارىزنىڭ ئاستى بىلەن ئىككى يېنى ھاك بىلەن سۇۋاپ قاتۇرۇلغان، سۇنىڭ كىرلەنمەسلىكى ۋە ھوغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يېرىدىن قوزغىتىش ناھايىتى تەس بولغان كاتتا قورام تاشلارنى تىزىپ، سۇ ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاقتۇرۇلغان. بۇ كارىزلاردىن مەككە مۇكەررەمەگە كۈنلۈك 30 مىڭ كۇب مېتىر سۇ كېلەتتى. بۇ سۇ قانالىرى بەزى يەرلەردە يەرنىڭ ئاستىدىكى كارىزلاردىن ئاقسا، بەزى چوڭقۇر ۋادىلاردىن ئۆتكەندە ئاسما قاناللاردىن ئۆتىدۇ. بەزى يەردە يەر ئۈستىدىكى ئېرىقلاردىن ئۆتىدۇ. ئاساسلىق قانالىدىن كەلگەن سۇ بىر ئامباردا توپلانغاندىن كېيىن «قۇللار» دەپ ئاتىلىدىغان شاخچە قاناللار ئارقىلىق مەھەللىلەرگە تارقىتىلىدۇ.

بۇ قۇدۇقلارنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش ئىشلىرىنىڭ چىقىملىرى قانداق تەمىنلىنەتتى؟

زۇبەيدە خېنىم بۇ ئىش ئۈچۈن نۇرغۇن مال ۋەقپە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن خەلىپىلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرى مال ۋەقپە قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ ۋەقپىلەرنىڭ كىرىمى تەخمىنەن يېتەتتى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان نەرسە شۇكى، بۇ قۇدۇق ۋە قاناللاردا ئىشلەيدىغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى نامرات ئىشچىلار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتۈپ قىلغان ئىشقا مائاش ياكى مۇكاپات ئالمايتتى. مەن بۇ ئىش ئۈچۈن قىلغان ۋەقپەلەرنى ساناپ چىقتىم، جەمئىي 86 ۋەقپە بولۇپ، بەزىلىرىدىن ھازىرمۇ پايدىلىنىدۇ. بەزىلىرى گۇمۇرۇلۇپ ۋەيران بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان مۇخلىسلارنى كۈتمەكتە. ئۇنداقتا بۇ قاناللارنى بۇنچىلىك ئۇزۇن يىللار بويىچە سەل ۋە كەلكۈنلەردىن قانداق ھىمايە قىلغان؟

بۇ قانال ۋە كارىزلار ياسالغاندا تاغلاردىن ئېقىپ چۈشىدىغان سەل ۋە كەلكۈن ئاپەتلىرىدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، بەزى يەرلەردە سەل سۇلىرى ئېقىپ كېتىدىغان يوللار ئېلىنغان. بەزى يەرلەرگە ئۇزۇنلۇقتا كەڭلىكتە ۋە ئېگىزلىكتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تام سېلىش ئارقىلىق قاناللار سۇ ئاپەتلىرىدىن ھىمايە قىلىنغان.

زۇبەيدە قۇدۇقلىرىنى رېمونت قىلىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

مەككە مۇكەررەمە، ئەرەپات، مىنا ۋە مۇزدەلىفە قاتارلىق يەرلەردە ھازىر پەقەت دېڭىزدىن ئايرىلغان سۇغىلا تايىنىلىدۇ. سۇ ئايرىش بولسا سانائەتتۇر. سانائەت دېگەن ئىنسانلارنىڭ خاتالىقىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. تەبىئىي سۇ مەنبەسىدىن بىھاجەت بولغىلى بولمايدۇ. مەككە رايونى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە رايون بولۇپ، ھەج ۋە ئۆمرە مەۋسۇمىدا زىيادە سۇ مەنبەسىگە ئېھتىياج بولىدۇ. مەككە رايونىنىڭ بۇ ئېھتىياجىنى تەمىنلەش ئۈچۈن زۇبەيدە قۇدۇقلىرىنىڭ رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.①

## ئىنتىلىش ھاياتلىقنىڭ ماتورىدۇر

... بېشى 66-بەتتە

زىرەك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قانائەت قىلماسلىقى، بەلكى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا دائىم ئىنتىلىپ تۇرۇشى، ھازىرقى ھالىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ پايدىلىق ھالەتكە ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. مۆئمىن بىر سەۋىيىگە يەتكەندە ئۆزىنىڭ ئەسلى نىشانىدىن ئادىشىپ كەتمەي تېخىمۇ يۇقىرى ماقاملارغا كۆز تىكىشى كېرەك.

چىن مەنىدىكى ھەر بىر مۆئمىننىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى جەننەت بولىدىغانلىقى كۈندىن روشەن ھەقىقەت. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (ئاللاھ رەھمەت قىلغاي!) مۇنداق دېگەن:«مېنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتىلىشچان بىر نەپسىم بار، ئۇ داۋاملىق ئەمەلدارلىققا ئىنتىلىپ كەلدى.ئۇنىڭغا ئېرىشىۋىدىم، نەپسىم خەلىپىلىككە ئىنتىلدى. ئۇنىڭغىمۇ ئېرىشىۋىدىم، نەپسىم جەننەتكە ئىنتىلدى. مەن جەننەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.»

مانا بۇ ھەقىقىي ئالغا ئىنتىلىشتۇر. كۆڭلىنىڭ دائىم تېخىمۇ مۇكەممەللىككە، تېخىمۇ ياخشىغا، تېخىمۇ يۈكسەكلىككە تەلپۈنۈشىنى ھەقىقىي ئالغا ئىنتىلىش دەيمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ئۈممىتىنى پەس ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ئۇلۇغۋار ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا چاقىراتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار ۋە شەرەپلىك ئىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ، پۈچەك ئىشلارنى يامان كۆرىدۇ» . [تەبەرانى رىۋايىتى]

بۇنىڭدىن باشقىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پايدىلىق ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئاللاھقا سېغىنىپ ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا، مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن يوللىرى، بەرگەن تەلىملىرى ئىنتايىن كۆپ.

(ئەقىدە مۇنبىرىدىن ئېلىندى)

① بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەرلەر يېزىلغان ۋە تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان. بىز سەھىپە ئېتىبارى بىلەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق.

# «مەرىپەت» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

«مەرىپەت» ژۇرنىلىمىز 2003-يىلى 10-ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان دىنىي، ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ژۇرنال بولۇپ، جەمئىي توققۇز سان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالغان ئىدى. 2015-يىلى يېڭى يىلدىن ئېتىبارەن قايتا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «مەرىپەت» ژۇرنىلىنىمىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كورۇشۇش ئارقىلىق يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەن بولدى. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

بۇ ژۇرنال چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، ئۆز ئانا تىلىمىزنى قوغداش ھەربىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ ۋىجدانىي ۋە ئىمانىي مۇقەددەس بۇرچى. چۈنكى تىلىمىزنى قوغداش مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قوغداشنىڭ زۆرۈر ئامىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئىرىپ يوق بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. ئۆز تىلىنى سۆيۈش، ئۆز تىلىنى قوغداش مىللەتپەرۋەرلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلىپ يارىتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئۆزىگە خاس تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت ئاللاھ تائالاغا بولغان سەمىمىيەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بۇ نۇقتىنى ياخشى ئويلىنىشى، ئانا تىلغا ۋە دىنغا بولغان سەزگۈرلۈك ۋە مۇھەببەتلىك تۇيغۇلىرى بىلەن بۇ ژۇرنالنى ئوقۇشى، ئائىلىسىدە ساقلاپ قويۇشى، بالىلىرىغا ئوقۇتۇشى ۋە قىممەتلىك ئەسەرلىرى ۋە پىكىر-تەكلىپلىرى ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇشى، قولىدىن كېلىشىچە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئىمانىي، ۋىجدانىي، مىللىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

مەلۇمكى، بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، چەتئەللەردە ھەر قايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ۋە تەھسىلىنى تۈگەتكەن بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئۆزلىرىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى بايان قىلىشى ۋە خەلقىمىزگە يەتكۈزمەكچى بولغان يۈرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزلىرىنى، ئىلىم-تەھسىل قىلىش يولىدىكى ھاسىلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن بىر مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ مەسىلىلىرىمىزنى بىرگە ھەل قىلىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى | يىللىق باھاسى |
|---|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 | $30 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 | CAD 30 |
| شىۋىتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 | CHF 30 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 | €25 |
| ئاۋۇستىرالىيە | ئابدۇسسالام قارىم | 0061413550840 | A$35 |
| شىۋىتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0622600207 | €25 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 004917610382764 | €25 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0020702272227 | €25 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 | €25 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 | $30 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 | T 40 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 | TG1000 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 | §45 |
| ئەرەبىستان | مەتىمىن قارىم | 00966502382971 | SR 40 |